ئادىل تۇنىياز

# تاشقا سۆزلەشۋاتقان ئادەم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

与石头对话：维吾尔文/阿地里江·吐尼亚孜著．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.1
ISBN 978-7-228-14952-0

Ⅰ.①与… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①诗集 — 中国 —当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 281938 号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 古丽巴哈尔·艾海提 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 美术设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 美 术 字 | 阿布里米提·吾斯曼 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米 32 开本 |
| 印　　张 | 13.5 |
| 版　　次 | 2012 年 2 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2012 年 2 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—4000 册 |
| 定　　价 | 41.00 元 |

# نەشرىياتتىن

شائىر ئادىل تۇنىياز 1970 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1993 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىدا خىزمەت قىلغان.

شائىرنىڭ ھازىرغا قەدەر «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا»، «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى»، «چۈمبەلدىكى كۆز»، «دېڭىزدىكى كوچا» ناملىق تۆت پارچە شېئىرلار توپلىمى ۋە «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان.

مەزكۇر شېئىرلار توپلىمىغا ئۇنىڭ ئىزدىنىش روھىغا باي بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شائىر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتى بىلەن گۈڭگا شېئىر ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان. شېئىرلىرىدا شەكىل جەھەتتىن ئەنئەنىۋى شېئىرلارنىڭ تۆتلۈك شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تۇيغۇ ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېڭى تىل مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېڭىچە ئىزدىنىش روھىنى نامايان قىلغان.

مەزمۇن جەھەتتىن گۈزەل مىسرالار ئارقىلىق قەدىمكى مەدەنىيەتنى، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى ئۇلۇغلاش، ھايات، ئۆلۈم، كائىنات ھەققىدە پەلسەپىۋى پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىنسانىغا، ئىنسانىنىڭ ھاياتىي كۈچىگە، تەبىئەت گۈزەللىكىگە مەدھىيە ئوقۇش، ياقا يۇرتلاردا ۋەتەننى سېغىنىش، قايناق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن ۋەتەننى كۈيلەش ئىدىيەلىرى ئالغا سۈرۈلگەن. بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە شېئىرىي تىل بىلەن ئېغىز تىلى، لىرىك ھېسسىيات بىلەن دىراماتىك خۇسۇسىيەت، يېڭىلىق بىلەن ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئۈچ يىلدىن كېيىن ........................ 1
تۆپىلىكتە ئوتلاۋاتقان ئات ........................ 3
گۈگۈم ۋە تاش ........................ 4
ئەتىگەن سائەت تۆتتىكى ھېكايە ........................ 6
سۈيۈق ئەينەكتىكى چىرايىم ........................ 8
ئۈچ پۇتلۇق لوڭقا ........................ 10
قىزىل بۇغداي ........................ 12
قار ھەققىدە شېئىر يازسام دەيمەن ........................ 13
مېنى كىم ئويغاتتى ........................ 16
ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە ........................ 18
چاشقان ئەمدى قاچالمايدۇ ........................ 20
يالغۇزلۇقتىكى گېئومېترىيەلىك شەكىللەر ........................ 21
ئۆرۈك پۇرىقىنى پۇراپ قالدىم ........................ 22
كېچە ئۆزۈمنىڭ تېلىدا ........................ 24
ئالما دەرىخى يىتىپ كېتىپتۇ ........................ 26
سەئۇدى ئاياللىرىنىڭ ئايىغى ........................ 27
تاشپاقىنىڭ قۇلىقى ........................ 29
ئۈچ تۈپ ياڭاق ۋە بىر پادىشاھ ........................ 31
چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتىم ........................ 33
مۈشۈك بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز ........................ 34
كىرىستال ساتايمۇ ياكى يازدىن چىقىپ كېتەيمۇ ........................ 36
ئادىل تۇنىياز نەگە كەتكەندۇ ........................ 38
ئورما ناخشىسى ........................ 41

ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلان ........................ 42
بىر تال ئېغىر پەي ........................ 45
كۆلكىنىڭ ئىچىدە ........................ 46
پەيدا بولۇپ، يوقىلىپ تۇرىدىغان يۈز ........................48
ھېلىقى ........................ 49
مەن شامالغا قاراۋاتىمەن ........................ 50
بەش ئەزانىڭ قورشاۋىدا مەن ........................ 51
مۈشۈكۈمنى ئىزدەيمەن ........................ 53
ئۆمۈر روجەكلىرىدىن قىرىقىنچى كېچەمگە قاراپ ........................ 54
ھەممە نەرسىدىن سوئال سورايمەن ........................55
ئۇيقۇسىزلىقنى سىزغان ئادەم ........................ 57
قىزىلگۈلنى ئەسلەيدۇ كوچا ........................ 59
بېشىمنى دىۋانغا قويۇپ، پۇتۇمنى دېرىزىگە ........................ 61
شېئىر يېزىش گۇناھى ........................ 63
پاتمىچۇقنىڭ كىيىمى يوق ........................ 65
تۇلۇم ........................ 66
ئۇيغۇر ئاچقان بىر ئاشخانىدا ........................ 68
كارب بېلىقى ........................ 70
يېرىم كېچىنى پۇرايمەن ........................ 72
قەھۋە ئىچكەچ يازغان شېئىرىم ........................ 73
شامالدەك ئادەم ........................ 74
ئوچۇق ئىشىكنى قانداق ياپىمىز ........................ 76
تاۋار كۆرپىدە ياتقان مۈشۈك ........................ 78
پايپاققا سۆزلەيمەن ........................ 80
مەن قايتىپ كەلدىم ........................ 82
مەڭگۈلۈك قەشقەر ........................ 86
ئاي تۇتۇلغان ئاخشىمى ........................ 88

پاشا مېنى سۆيۈۋالدى ........................ 90
ماشىنىلىق بىر دەرۋىش ........................ 91
سوغۇق تام ........................ 93
چاڭگا باش دەرەخ ........................ 94
چۈشىن بىلەن ئاداش مەن ........................ 96
تۇرغۇنجان قاسساپ ........................ 98
قېتىق ئىچكەن ئادەم ........................ 99
ئاسمانىنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدە ........................ 100
كۆكباش قوناقنىڭ ساقىلىغا يامىشىپ ........................ 102
بىر قۇرتقا مەرسىيە ........................ 103
ئامېرىكىغا قانداق بارىمەن ........................ 104
ئىسىم كارتىسى ........................ 106
خورما يېغى ........................ 108
بىر ھەرپلىك ئائىلە ........................ 110
ئوغلۇمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايمەن ........................ 112
بىر تال چاچ ........................ 114
ئەرەب يېزىسىنى سىزدىم ئۈچ سائەت ........................ 116
ماي سودىگىرى سۆزلەيدۇ ئاينى ........................ 118
ماشىنامغا خوش دېدىم ........................ 119
مېنىڭ ئۆتۈكۈم ........................ 122
تېلېفوندا ياشاش ........................ 125
قىزىل دېڭىزدىكى گۇگۇم ........................ 127
خۇددى قۇشتەك بىر ئادەم ........................ 128
ئاي كوچا ........................ 129
ساھىلدىكى يالتىراق خالتىغا مەدھىيە ........................ 130
غەربچە تاماقنى شەرقچە يېيىش ........................ 131
يالغۇزلۇققا تەڭكەش مۇزىكا ........................ 133

تۆت تامنىڭ ئاۋازى ........................ 134
ئاسمانغا كىرىپ قالدىم ........................ 136
سالام ئېتىزدىكى پەيلاسوپلار ........................ 138
قوللىرىمنىڭ قوللىرى ........................ 140
يەر بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدىكى تەڭپۇڭلۇق ........................ 143
ماروژنى يەۋاتقان زاھىت ........................ 144
سۆزنىڭ پوستى يېرىلدى ........................ 145
قۇش سۆزلەيدۇ ........................ 146
يەھۇدىي بىلەن سۆزلەشتىم ........................ 147
بېلىق يېيىشتىن قورقىمەن ........................ 148
ئاسمان ئىزدەۋاتقان ئادەم ........................ 149
دېڭىزدىكى باللار ........................ 151
مۇساپىر ........................ 153
تاغ كەينىدە بىنالار ........................ 155
دوپپا ........................ 156
قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا ........................ 158
تاۋۇزگۈل ........................ 159
ئۈچ يۈزلۈك ئادەم ........................ 160
تۆگە سۈتى جىلغىسى ........................ 161
قەغەز يۈزلۈك بىر ئادەم ........................ 163
مەغرىب چىپى ........................ 165
پارچە ـ پۇرات ........................ 167
يېرىمى سۇ، يېرىمى يالقۇن ........................ 169
ئايرودۇرۇمدا ئون سائەت توختاش ........................ 171
قانات ........................ 174
بىنادىكى قوشنىلار ........................ 175
قەغەز يۈزلۈك بىر كىشى ........................ 176

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسسىق قار .................... 178
يېرىم ئاسمان .................... 179
مېڭىش .................... 180
گۈل بىلەن توختاش .................... 181
سىيدام سىزما .................... 182
مەن بۇگۈن ئاشپەز .................... 184
گۈل تېرىدىم ئىچىڭگە .................... 186
مۇساپىرنىڭ كۆڭلىرى .................... 188
بوۋايلارنىڭ گۈلى .................... 191
قولۇم كۆردى .................... 194
ئون بارماق .................... 195
دېڭىز ئاستىدا بىر تال قۇرۇق تاش .................... 197
ئوغلۇم ئېھساننىڭ پەرۋانىسى .................... 198
چاشقاندىن قورقتۇڭلارمۇ .................... 199
ئوتتۇرا كېچىدە ئانار يېيىش .................... 201
تۇرمۇشنىڭ رەڭگى .................... 202
پەيلاسوپنىڭ ئىشكى .................... 203
قات ـ قات كىيىۋالغان يالىڭاچ ئادەم .................... 204
قۇدۇق .................... 206
بىر غۇلاچ ئارىلىق .................... 207
ۋەتەن قىزى .................... 208
دېڭىز بويىدىكى مېھمانخانا .................... 212
قىسقۇچپاقا .................... 215
ئاسماندىكى يېزىنىڭ زېمىندىكى تەرىپى .................... 217
ئەتىگەن سائەت نۆلدىن چىقىش .................... 218
قولۇم بۇرتۇقال پۇرايدۇ .................... 219
خوراز .................... 220

خاتا تېلېفون ........................................ 221
قۇش ۋە شېئىر ........................................ 222
ئاق ماغزاپ ........................................ 223
بىر تۇپ توغراق كېسىلدى ........................................ 224
مېنىڭ ئاپپاق، كىچىك پىكاپىم ........................................ 225
قايتا تۇغۇلغان تاش ........................................ 227
سۇ قايىندى ........................................ 228
ئەتراپىمدىكى ئەرەبلەر (چاتما) ........................................ 229
قېچىش ........................................ 238
كىتابلارنى ئوقۇپ بولدۇم ........................................ 240
ئەرەب يېزىسى ........................................ 242
دېڭىز بويىدىن قايتىش ........................................ 243
خۇش پۇراق ئەخلەتخانا ........................................ 244
كېچىكىش ........................................ 246
ۋانگوگىنىڭ ئايىغى ........................................ 249
سېھىردىن يېشىلۋاتقان ئادەم ........................................ 252
مەنچاناق ........................................ 254
پاتىمچۇقنىڭ ئۆيى ........................................ 255
ئۆيدىكى دولقۇن ........................................ 257
چىشى مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىغا قاراۋاتاتتىم ........................................ 259
بىر ساياھەتچىنىڭ ئادرېسى ........................................ 260
يېپەك يولىدا ........................................ 261
تىلىنى قاغا چوقۇغان ئادەم ........................................ 261
توختىۋالسام بولاتتى ........................................ 264
چۈنكى پەرىشتىنىڭ ئايىغى يوق ........................................ 265
ئۆپكە - ھېسسىپ ........................................ 266
تونېلدىن ئۆتۈش ........................................ 268

www.uyghurkitap.com


جەنۇب يىرتىلىپ تۇراتتى .................... 269
تۆكلۈك ئەر، تىكەنلىك ئايال .................... 272
بىر سۆكۈتنىڭ ئەكس ساداسى .................... 273
قارىمۇقاشلىقنىڭ بىرلىكى .................... 275
قەشقەرنىڭ ئالدىراش ۋاقتى .................... 277
دېرىزىدە يۈزلەر بار .................... 279
كاۋا مانتىسى .................... 280
نېمشقا پىياز توغرايسەن .................... 281
شائىرنىڭ تىلى .................... 282
ئىككى ئادەم ئۇچراشسا ئەگەر .................... 287
سۆزلەۋاتقان تاجسىز ھۆپۈپنىڭ يېنىدىن قايتتىم .................... 289
سۆزلەۋاتقان تاغلار .................... 294
ئىمزا .................... 296
كېچىگە سۆزلەۋاتقان ئادەم .................... 297
ئۆينىڭ تۆت پۇتى .................... 299
كىرپىكلىك سۆز .................... 300
ئۈچ مىستىنتىسزمچى .................... 301
تامدا بىر شوتا بار .................... 302
ئاسماننىڭ گۈلى .................... 304
قارا رەڭلىك مىستىنتىسزمچى .................... 305
قۇشلاردىن خەت كەلمىدى .................... 306
يامغۇر يازغان خەت .................... 307
يۈرىكىم چېكىلداپ تۇرغان سائەت .................... 309
ئاي — ئەڭ چوڭ مىستىنتىسزمچى .................... 311
سايىسىدىن قورققان ئادەم .................... 312
بىر دەقىقە .................... 313
ئۆيدە ئۇچقان قۇش .................... 314

بۇغداي ........................ 315
چېقتى كېچىدىن بىر نەچچە چېچىم ........................ 316
كۆزلەر سۆزلەيدۇ ........................ 317
يامغۇردا ئېچىلدىم ........................ 319
گېئومېترىيەلىك نۇقسان ۋە سىممېترىك گۈزەللىك ........ 321
مىستىنتىسىزلىق مۇراسىم ........................ 322
شائىرنىڭ شائىرى ........................ 324
مىستىنتىسىزمىچىلارنىڭ كىيىمى ........................ 325
داۋاندىكى ئۆيدىن چۇشۇش ........................ 326
چۈشتىن كېيىن، دەرەختىن كېيىن ........................ 328
مەن ئالمىدىن سورىدىم ........................ 329
كۆرگۈچى ۋە كۆرۈلگۈچى ........................ 330
رەڭلىك كۆزئەينەك تاقاپ ئۇخلاۋاتقان ئادەم ........................ 331
تاش ھېچنېمە دېمىدى ........................ 334
بىر ئۆن يېتىم يىراقتا ........................ 336
ۋەتەن ........................ 338
ئۇچقە ئۇچۇش ........................ 339
بىر كەپتەر مېنى ياخشى كۆردى ........................ 341
يېرىم كېچىدە ئاچتىم ئىشكاپنى ........................ 343
كىتابتىكى قۇدۇق ........................ 344
قۇيرۇقلۇق ئادەم ........................ 345
بەزىدە ........................ 347
بىر تېرىچى بىلەن كېچىچە مۇڭداشتىم ........................ 348
كەچ كىرگەندە سۆزلەر ئارا مەن ........................ 349
رۇستەمبەگ ........................ 351
بىر توخۇنىڭ تەرجىمىھالى ........................ 353
زەنجىرسىمان سۆزلەرگە ئەگىشىپ ........................ 356

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېشارەت ئەمەس ........................ 357
ئۇخشىمىغان ۋاقىتتىكى نېسىۋەم .................... 358
سۇدىن بىر سۆز ئاڭلىدىم ..................... 359
ئاي يېزىلغان كىتاب ..................... 361
كوچا ۋە ئىشىك ....................... 362
گۈل ۋە يارا ........................ 363
كېچىگە يۈزلىنىش ...................... 364
مايماق لوڭقىنىڭ ئىچى ـ تېشى .................. 365
ئىچىمگە جىن كىردى ..................... 367
ئاغزىمدىن سائەت چىقتى ..................... 369
پاتمىچۇقنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم .................... 371
ئۆيۈمدىكى مىس ....................... 373
پۈلنىڭ يۈز ئىسمى ...................... 375
قاغىلىقتا قار ........................ 377
گۈمىنىڭ كىرپىكى ...................... 379
يەكەن سېپىلى ........................ 381
ئايدىڭ ......................... 383
قارا كۆز بەدىيان ...................... 384
ئوغلۇم قارغا يازغان بىر مىسرا .................. 386
دېڭىز ئوغلى ........................ 387
ئىككى نەم توپا ....................... 390
سايدىكى تاش ........................ 392
ئاق ئۆستەڭ ........................ 394
قاش دەرياسى ........................ 395
مۆيۈنگۆزەر بازىرى ...................... 396
بىر يۈز ئۈچ ياشلىق موماي .................... 400
سۇلتان ئۇۋەيس مازارى .................... 402

ئەرۋاھ ۋاكالەتچىسى ........................ 404
ياغاچچى ........................ 406
بىزنىڭ پولۇ ........................ 407
ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئەنجۈر يېيىش ........................ 409
ئاسماندىكى كىتابتىن يەردىكى كىتابخانىغا ........................ 410
كىيگەن ئايىغىم بۇغداي ئۆڭ ........................ 412
ئالەمدە كېتىۋاتقان ئادەم ........................ 413
«يالىڭاچ» ماركىلىق ئايالچە كوپتا ........................ 414
ئىشىك چېكىلگەن دەقىقىلەردە ........................ 415
سۇغا ئايلىنىش ........................ 416
ياغاچ ئۆي، ئاق بۇلۇت، ئورمان ........................ 418
بىر باش پىياز ........................ 419

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچ يىلدىن كېيىن

ئەينەك مەندىن ئۆزگىرىش قىيىن
پاتقاقتىنمۇ دۇغ بىر كىشىگە .
ئۈچ يىل ئۆتتى، ئۈچ يىلدىن كېيىن
لاي كوچىنىڭ كەلدىم ئېسىگە .

گويا كۆچلۈك كىسلاتادا مەن
سىڭىنىشمۇ ياكى ئېرىتىش؟
تۆكۈلۈپ تۇرغان توپا ھەر ئادەم
يوق بۇ يەردە يېڭى زېرىكىش .

تىرەكلەرگە باقتىم قانغۇچە
كىرپىكىم نەم كۆرمىدى ھېچكىم .
ھەسرەت چىقتى ئۆيگە يانغۇچە
لاينى كېچىپ پۇخادىن چىقتىم .

ياشاپتىمەن بۇلۇتتەك ئۈچ يىل
ياقا يۇرتتا بولۇپ مۇساپىر .
قايتىپ كەلدى ماڭا ئانا تىل
ئۆز تىلىدا سەرسان بىر شائىر .


كېچە مايماق مىسرادا كەلدى
سىڭىنىشلىق چاقىدۇ پاشا .
پاراكەندە ئاسماننىڭ كەينى
ئۆچمە ئادىل، يۇلتۇزدەك ياشا!

مەن بىر قۇدۇق، ئۈچ يىلدىن كېيىن
جىمجىتلىقى قايتقان ئەكسگە .
تۈن – كۆك سىياھ، بويىدى بىردىن
قۇياش كۆمدۇم قەغەز شەرقىگە .

* *

ئۈچ يىل كېيىن كۆردۈم شامالنى،
مەن بىر جەرەن، گۈلشەنىم ۋەتەن .
يېنىمدا يار، سېغىندىم يارنى
جېنىمدا گۈل، گۈل بەرگى بەدەن .

2009 – يىلى 5 – ئاينىڭ 28 – كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تۆپىلىكتە ئوتلاۋاتقان ئات

يېشىل دۆڭدە ئاسمان بار،
كۆك ئاسماندا ئاق ئاتلار.
كۆل ۋە چىمدىن كېيىن
مەن جىم ياتتىم، ئات ئوتلار.

2009 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى



# گۇگۇم ۋە تاش

— قاغىلىق شائىرى ئا. ئوسمانغا

كۈندۈز دولقۇنلاپ توختىدى،
قوش قاناتلىق دەرۋازا ئالدىدا .
تاشتىن باشقا ئۇيغۇر يوقمىدى؟
مەن ئالدىدا، سايەم دالىدا
غىرىبلىققا پۇتلاشتى پۇتۇم .

گۈل ئىسكى ئېچىلدى
گۈللۈك ھويلىدا
يامغۇردىن بۇرۇن كۈنلۈك قولىدا
چىققان ئەپەندى ئابدۇللا ئوسمان .
بىر ئۆمۈر نۇر چاچقان ئىلىم يولىدا
ھويلا تېمىدا دەز كەتكەن ئاسمان .

ئەگىشمەن ئاق تېرەكلەرگە
كۆككە ئۈنسىز ئۆسۈۋاتقاندا،
يات كىشى مەن تونۇش بۇ يەرگە
گۇگۇم تاشتەك چۈشۈۋاتقاندا .

سۆزلەر گويا پەيلاسوپ شائىر
قەدىمكى ئافىنا كوچىسىدا .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆلاھ ـ جەندىدەك جۇلتەك ھازىر
يۈز يىللىق ياڭاقتەك ئۇچىسىدا .

مەن ھومېرغا ھەيران قالمىدىم
ئەما شەھەردىن بىر شائىر چىقسا .
ئۇمۇ ئەما يىغلاپ سالمىدىم،
تاشتەك قوللىرى قولۇمنى سىقسا .

ھىلال ئاي بار سۈكۈتتىن كېيىن
تۇگىدى بىز ماڭغان خالتا كوچا .
ئايدىكى ئاپتوبۇس ماڭماقتا لېكىن،
يەردىكى يولۇچى پىيادە، توپا .

سايەم تىلسىز، سۆزى يوق ئادەم
ئادەم تاشتۇر قەدرى يوقلۇقتىن .
بىز ھەممەيلەن ئۆزى يوق ئادەم
تارتىپ چىقتىم ئۆزۈمنى توپتىن .

تېرەك سايىسىدىن قاچماقتا،
روجەك گۈگۈم بىلەن توشماقتا،
يۈرەك بۇلدۇقلاپ تاشماقتا،
شائىر ئاغزىنى ئاچماقتا،
غەزەل يۈلتۈزدەك شولا چاچماقتا ...

* *

مەن قوشاقتەك يالڭاچ بولغان
بىر ياۋايى شائىرنى كۆردۈم .
شېئىر چوڭقۇر شەھۋەتكە تولغان
تىل ئانانىزمى، مەنە ۋە ئۆلۈم .

2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

# ئەتىگەن سائەت تۆتتىكى ھېكايە

يۇلتۇزلارنىڭ قورشاۋىدا،
بىر ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا،
بىر ئۈجمىنىڭ سايىسىدا،
سايىلەرنىڭ قارشىسىدا،
تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن شامالدەك
يەلپۈنۈپ تۇرغان قۇياش يالىدەك
بىر ھېكايە باشلىنىدۇ.
قىزىل غۇنچە تاشلىنىدۇ
كۆيۈۋاتقان ياز پەسلىدىن
ئۇچۇق قالغان رام ئالدىغا.
كەڭ ھويلىدا باشلىنىدۇ
رەڭ قارىغۇسى تارقاتقان تۇيغۇ.
ئۆلۈم كۆزگە تاشلىنىدۇ
بىرمۇ كۆزگە كەلمەيدۇ ئۇيقۇ.
قۇش كىرپىكى جۇپلەشكەن،
پەشتاقتىن، ئىشكتىن، دېرىزىدىن
قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق چۈشكەن،
گاچا تىياتىر تۈگەيدۇ تېزدىن.

بۇ ياۋايى مۇراسىم،
سۈيۈقلۇق نىقابىنى ئۆزگەرتىدۇ

قاراڭغۇدا قويۇق قىزىلغا .
ئۇپۇر ـ توپۇر قاراڭغۇلۇق
سايىلەردەك ئۆيگە تولۇپ
بىر سايىنىڭ مۇزدەك تۆمۈرى
يوتقاننى ئاچتى، تۆگدى ئۆمرى ...

تەگلىدى تۆشۈك كېچىگە،
تەگلىدى ئىشكاپ ئىچىگە .
تەگلىدى تۆت تامغا،
تەكىيىگە، يوتقانغا .
بوۋىقىنى ئېمىتىۋاتقان
ھىلال ئايدەك چوكانغا،
بوۋاقنىڭ كۆل سۈيىدەك چۈشىگە،
پارس مۈشۈكىدەك مۈشۈكىگە .
مۈشۈك ئامان قالدى،
مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقى
سەھەردىن چىقىپ قالدى
تۈكلىرى شەپەق يۇقى .

* *

كۈندۈزنى بولدۇ توقۇغىلى
كۈن نۇرىنى ئېشىپ ـ تولغاپ .
گۈگۈمنى بولدۇ ئۇقۇغىلى
تىنىپ يۇلتۇزلارنى، ئايدا توختاپ .

2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سۈيۈق ئەينەكتىكى چىرايىم

سۈدەك باشلىدىم مۇزدەك تۇرمۇشنى
ئۈچ ئىتتىز ئۆيدىكى يوقلۇق بىلەن،
ئوغلۇمنىڭ ئات مىنگەن سۈرىتى بىلەن،
بار يەنە بىرنەچچە يىگى چاشقان .
دەر مېنى گويا نەلىك سەن، كىم سەن؟
جاۋاب بېرەتتىم تېگىرقاپ بىردەم:
يۇگىلۇق بەندىمەن، مۇشۈك ئەمەسمەن،
قاپقارىڭغۇ قۇدۇق ئەمەس ھەم
جەسەت ئەمەس سۇدا لەيلىگەن .
پويىز ئۇچقاندەك كېلىۋاتسا،
بىرى ئۆزىنى رېلىسقا ئاتسا
بولۇشى ناتايىن ئەمدى ئۇ كىشى
دۇنياغا تونۇلغان رۇس يازغۇچىسى .
تونۇلمىغان تونۇش ئەرۋاھلار
دېرىزەمنى چېكەر كېچىدە .
گېزىتكە ئورالغان ئەربابلار بەزەن
پىچىتىنى بۇزماستىن قىلچە
ھەشەمەتلىك ماشىنا بىلەن
توشۇلىدۇ قەبرىدىن ئۆيگە .
كىرىستاللاشقان ھاۋا ئۇستەلدە،
ھورغا ئايلانغان يۈزلەر ھاۋادا،
تورغا چۈشكەن بېلىقتەك تېنىم
جىنى ئۈزۈپ كەتسە ناۋادا ...

كۆزۈم سايە، يۈزۈم ئەينەكتە
ياشاۋاتىمەن مۇئەللەقتە،
سەزگۈلىرىم شوخا تىكەن
يۈرىكىمنى قىلماقتا قان .
قوللىرىمغا ئۈرۈنغان
غېرىبلىق يا تام .

ئۆيگە كىرىپ جۇمەكنى ئاچسام
سۈيۈق ئەينەكتە كۆرۈنۈپ يۈزۈم
يورۇق ئېقىپ كەتتى ئۆتمۇشۇم .
بارمىقىڭ تەگكۈچە بارماقلىرىمغا
سىزىلدى ئاق كىرلىككە چۈشۈم .

ئوغلۇم ئاتتىن چۈشتى،
قۇم، چېچەك، سۇ ئۇسسۇلغا چۈشتى .
سۇ سۈيۈق ئەينەك، ئۆكسۈيدۇ جۇمەك
قولۇمغا سۈيۈق غېرىبلىق چۈشتى ...

2009 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى



# ئۈچ پۇتلۇق لوڭقا

كۆك شىشىدە غۇنچە بار،
كۆك كېچىدە يۇلتۇزلار،
ئاي نۇرىغا تويمىدىم .

دولقۇنىدا تېنىمنىڭ
بىردە لەيلەپ بىر چۆكۈپ
دېڭىزدەك كەڭ ئويلىدىم .

ئۆي پايانسىز ئۆزۈمدىن
بۇلاپ قاچاي ئۆزۈمنى
كىتابلارنىڭ قوينىدىن .

شىشىدە گۈل شەربىتى
ئىچىمدە بىر كۆيگەن ئوت
سىغىنىشنىڭ رەڭگى توق .

سۇيۇق جىننى ئۆلتۈرۈپ
ئەتىرگۈلنى كۆتۈرۈپ
بوشلۇقۇمنى تولدۇردۇم .

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

لوڭقا قۇرۇق شىرەدە،
شېئىر ئۇچۇق قەغەزدە
كۆن بىلەن تەڭ ئولتۇردۇم .

2009 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى



# قىزىل بوغداي

يازدىن چىقالماي
ئوت كەتكەن يازدىن
قىزىل بوغدايدەك يازاي نېمىنى؟
كەپتەر ئۇچماقتا مەرمەر مەيداندىن .

ئوقۇدى جىمجىت ئاسمان زېمىننى،
چوقۇدى كۆڭلەر بوغداي ئۆڭ مېنى .
بىر جېنى مىڭ بولۇپ چېچىلغان ئىنسان
ئۆلۈم — كەپتەر، ھاياتلىق دېنى .

دان پەس يەردە، مەن پەلەمپەيدە
قىزىل سۆزلەۋاتقان بوغدايىنى كۆردۈم .
مېنىڭ جېنىم ئاپپاق قەغەزدە
سۆزلەر توختىدى، ئۇچماقتا ئۆلۈم .

2009 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قار ھەققىدە شېئىر يازسام دەيمەن

ئامالسىز ئاپتاپ يەيمەن
بىر تۈپ خورمىنىڭ سايىسىدا .
سايە كىيىمنى سىپلىۋەتكەن،
تېرەم چىپ ـ چىپ سۇ ئىچىۋاتقان .
شامال ھاۋاغا شامال يازماي
سۆز ئۆزىدىن قېچىۋاتقان .
ئەركىنلىكىم ئاسمانغا قاراپ
پۇتىغا خېنە ياققان ئايالغا قاراپ،
خېنە رەڭ بويالغان كۆنلەرنى ئويلاپ
كەڭ دېڭىزغا كەتتى يامانلاپ .

مەن ئۇنى قايتا كۆرمىدىم
ھۆل مېۋە بازىرىدا
ھارۋىدا ئۆرۈكى سېسىپ كېتىپ
ئۆزى ئېشىپ قالغان باققالنىڭ
پىشقان ئۆمرىگە قاراپ بىرھازا .

مەن ئۇنى قايتا كۆرمىدىم
ئۇننى يۇدۇپ كېتىۋاتقاندا
ئۇن يۇقى كۆڭلىكى قېلىپ دۇنيادا
تېنى توزۇپ كەتكەن ھامماللىنىڭ
قاراپ ئۇندەك ئاق ئەرۋاھىغا .

مەن ئۇنى قاردا كۆرمىدىم
كۆمۈر بازىرىدا
دۆۋە ـ دۆۋە ئوتۇنلار ئارا
قاقشال ئوتۇنچى بوۋايدىن ئىزدەپ .

مەن ئۇنى يولدا كۆرمىدىم،
سىمونتتا ئېرىپ كەتكەن
قىزىل قارنى ئويلىدىم قىز دەپ .

قار ھەققىدە يېزىشنى ئويلاپ
بۇ شېئىرنىڭ بېشىدىلا مەن،
ئۇيغۇر تىلىنى ساقلىدىم ئۇزاق
قەغەزدىكى قار قېشىدا مەن .
قارلىق ئاۋازدا ۋارقىرىدىم
يازدا غايىب بولغان كىشىلەرگە .
سۇدەك قايتىپ كەلدىم ئارقىدىن
ۋەھىمىدە چۆمۈپ سوغ تەرگە .
قار قايتىشىمنى ئىزدەيدۇ يېنىك
ئاق تېرەكلەرگە ۋە ئانا يەرگە ...

قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ۋەتەنگە
كونا بىر پەلسەپە كىتابىنى ئاچتىم .
توپا ـ چاڭ بەتلەر ئاستىدىكى
نىتزىنىڭ[1] ئوچۇق يۈزىنى ئاچتىم .
ئاندىن ئاسمانىنىڭ ئاستىدىكى
ئۇيغۇرلار بار يۇلتۇزنى ئاچتىم .

---

① نىتزى (1844 ـــ 1900) ـــ گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ، مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى.

www.uyghurkitap.com

ئاچتىم قەغەزنى ئۇيغۇر تىلىدا
قەغەز ئاپپاق تۇنجى قار ئىدى .
كۆيۈپ تۇگىدى سۆزلەر بىردىنلا
چىقماقتا شېئىردىن كۆيۈك ھىدى .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى



## مېنى كىم ئويغاتتى

ئۇخلاۋاتاتتىم، ئويغاتقىنى كىم؟
تەن دولقۇنى قايتقان يەردىن
تۈننىڭ قاپقارا سىرلىق كەينىگە؟
ئىسسىق سىرغىپ چۈشتۈم تۆشۈكتىن
ئەتىرگۈل رەڭلىك تاڭ بەرگىگە .

مېنى ئويغاتقىنى
تەكچىدىكى لوڭقىنىڭ ئاۋازىمۇ؟
ئاق سۆگەتگۈلنىڭ پۇرىقىمۇ؟
قۇياشنىڭ ھاياجانلىق نۇتقىمۇ؟
ئەينەكلەردىن ئەكس سادا قايتماقتا ...

مېنى ئويغاتقان ئادەم كەتتىمۇ؟
شامالدىن يوپۇرماققا،
ھاۋادىن ھاۋاغا،
تومۇردىن تومۇرغا،
بىر ساپاق كېچىدىن ئۈزۈم بار يەرگە،
ئادەمسىز قۇملۇقتىن ئۈزۈم بار يەرگە .

يۇلتۇزلار تۈنجۇققان بوۋاق
تەكلىماكان ئېمىتمەكتە،
ئەمچەكلىرى خالتىلاشقان،
توغراقلار كىرپىك تىترەۋاتقان.

جۇغۇلدىدى تېنىم ياپراقتەك
بېشىمدا مۇساپىرنىڭ تەكىيى
ئويغىنىپ كەتتىم «ئاھ ۋەتىنىم» دەپ .

مېنى كىم ئويغاتتى؟
ئاي سىزىۋاتاتتى
پۇتۇمنىڭ تىرناقلىرى،
كۆك كېچىنىڭ سىياھىدا
سىزىلىۋاتقان ئىدى چۈشۈم .

قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتىم،
مەن يۈسۈپ، دەپ توۋلىدىم،
ئويغانسام چۈشۈم .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە

دەرەخ بىلەن بىر توپ ئاق بۇلۇت
رەسسام سىزمىغان يىراق رەسىم
قارىسام چۈشتە ئۆيۈمدە تۇرۇپ .

چىچىلغان بىرنەچچە بۇغداي باشقى
ئورمىچىلارنى قوغلايدۇ ئۇرۇپ
قارىسام ئايغا كەچتە ئولتۇرۇپ .

ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە
قۇپقۇرۇق مەن بەزىدە،
ئىچى قۇرۇق ئۆتۈكۈمنىڭمۇ
كىيەر ھاۋا، كىيسە ماڭماس ياز .
ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە كەلدىم توساتتىن
ماڭماقچىدەك دەم ئېلىپ بىرئاز .

بىر ئادەم ئىشكنى چەكتى،
ئاچسام ئۇ ھەيدىگىر[1] ئىدى،
مەن ئۇنىڭ پەلسەپىسىگە قىزىقمەن
ھازىر يوق ئىكەنلىكىنى بىلمەن .
ئاق قەغەزدىن بويىلىپ چىقتىم

① ھەيدىگىر (1889 — 1976) — گېرمانىيە پەيلاسوپى.

ئۆز ئۆيۈمدە ئۆزۈمنى كۈتۈپ .
يات كىتابلار سۆزلەيدۇ بىردىن
قىلمەن پات ـ پات ئۇيغۇرچە سۈكۈت .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى



# چاشقان ئەمدى قاچالمايدۇ

چاشقان كېچىنى تېشۋەتتى،
ئەمدى ئۇنىڭ پەنجىسدە ئاي .
جېنى ئاسمانغا قېچىپ كەتتى
قالغان نەرسە نان ۋە سېرىق ماي .

دېدىم ئۆزۈمگە ئوتلاۋېتىپ چاي
تاختىمۇشۇكنى قايتا ئويلىماي .
ئۆلۈم ئاسماندىن چۈشكەن گەپ
مەن پەقەتلا سەۋەبكار .

بار كەبىنى ئايلىنىۋاتقانلار
ئايلانغانلار خۇددى سائەتتەك .
كۆرگىنىمىز ئالەم سائىتى
توختاشقا بىز سەۋەبچى پەقەت .

چاشقان تۇتۇلدى تاختىمۇشۇكتە
سائىتى توشۇپ، ئۆمرى توگەپ .
چاشقان قۇيرۇقلۇق بىر يۇلتۇز كۆكتە
قاچقان، قاچالماس ئەبەدىلئەبەد .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يالغۇزلۇقنىڭ گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر

مايماق ـ سايماق ياشىدىم
ئايلانماقتا كۈنلەر چەمبەردە .
ياشاشنى مەن ئۆلۈش ئاتىدىم
ئۆيۈمدىكى ئۈچ بۇرجەك يەردە .

تۆت پۇتلۇق ئورۇندۇق — چىشى ياغاچ
ياغاچ ئۈستىدە قۇرت يېگەن كۆڭۈل .
ئۆيىمچى ماڭا قىپيالىڭاچ،
تېنىم بىر شاختا سايرىغان بۇلبۇل .

يالغۇزلۇقۇم ئېچىلماقتا،
تۆت بۇلۇڭدا تۆت تال گۈل گويا .
چېچىلماقتا ئۆيگە خوتۇنۇم
يېرىمى شامال، يېرىمى قۇم .

ئۆلتۈرۈۋەتتىم بىر چىۋىننى،
بىر پايپاقنى جايلىۋەتتىم
چوغدەك گىلەم ئۈستىدە
سۇيۇق نۇر، تورسىمان كېچە .

ئۆلۈۋاتىمەن سىممېتىرىك،
سانجىلىۋاتىمەن يالغۇزلۇققا تىك .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

## ئۆرۈك پۈرنقنى پۇراپ قالدىم

كۆزۈمنى نېمىشقا ئاچقاندىمەن؟
پىلتىڭلاپ كەتتىم بىلىققا ئوخشاش
ئادەملەر ئېقىندا قۇيرۇقۇم بىلەن .

مەن بېلىقچى بىر تال بېلىق ھەم
تېپىرلايدۇ يۈرەك تىنماستىن
سۇدەك ئۇسسۇز، مۇزدەك قاتتىق تەن .

مەن تىرىك لاي جان پۆۋلەپ بولغان،
مەن قۇرۇق كۆپ ئاۋازغا تولغان،
مەن بىر توغراق ياپراقلار قونغان .

چۆشمەكتە بوش كىيىملىرىمدىن
سۆڭەكمىنىڭ ئەكس ساداسى،
جانىنىڭ تەنگە تەگكەن ئاۋازى،
تېرىنىڭ تېرىدىكى سۇ بويىقى .

قۇم ھەرىكىتى قۇياش ھەرىكىتى،
كارىۋاتقا مىخلانغان پەسىل سازى .
ئاتقا مىنگەن ئەرنىڭ پەرۋازى
چۆشەر يۇلتۇزلاردىن قولۇمغا ...

نېمىشقا توختىدىم ماڭماي يولۇمغا؟
تۆۋلاپ تۇرسىمۇ ئىسمىم ھەر نەپەس .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

سارغىيىپ پىشقان بىر تۈپ ئۆرۈك
ھەدى بىلەن قىلدى مېنى مەس .
ئايالنىڭ كۈندۈزدىكى بېغىدىن مەن
پىشقان ئۆرۈكنى پۇرىدىم بىر پەس ...

* *

بۇرنۇم بىلەن ياشىدىم ئۇزاق
يات شەھەردە غېرىبلىق پۇراپ .
پۇرىقى كەلمەكتە ئۈرۈمچىنىڭ
ئىسسىق نەمدەلمەكتە كىرپىكلىرىم ...

2009 - يىلى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى



## كېچە ئۆزۈمنىڭ تېلىدا

روجەكتە بىر ساپاق يۇلتۇز
تۇن ئۆزۈمنىڭ تېلىدا .
تېتىيمەن شېئىر ۋە تۇز
مەن ئۆزۈمنىڭ تىلىدا .

ئۇيغۇر تىلىدا مەن
ئۆزۈلۈپ چۈشكەن
مېۋە پەسكە .

دۆڭگۈرۈكنى ئالدىم ئەسكە
بۇرۇلۇپ بۇ مىسرادىن تەستە
قايقاراڭغۇ ئارقا كوچىغا .


ئوڭغا ماڭسام
تىلىلدى تام ئۆز تىلىدا،
سولغا ماڭسام ئورۇق بىر ئاسلان
بەخىرامان غاجار ئۇستىخان .

ئەرەب تىلىدا ماڭا بۇ ئاخشام
توختىغان گېلىمدا سۈكۈت ۋە ناخشام .

www.uyghurkitap.com

ئۇيقۇغا كەتتىم
بىر سايە بىلەن،
سايەمنىڭ چۈشىدە قىپيالىڭاچ مەن
مېنىڭ چۈشۈمدە ئۇيقۇسىز ۋەتەن .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى



# ئالما دەرىخى يىتىپ كېتىپتۇ

تېلېفوندا دەپ بەردى ئېھسان
چۈمۈلە پۈراقلىق بىر ئەتىگەن
ئانىسى بىلەن باغقا كېتىپتۇ .

قارىسا، مەن ئالما ئۈزۈپ بەرگەن
بىر تۈپ ئالما يىتىپ كېتىپتۇ .

ئالما دەرىخى يىتىپ كېتىپتۇ،
ئاللا ئالمدەك ئاتقاندا مىنى
ياقا يۇرتقا.

ئۇشتۇمتۇتلا
تېپىۋالدى ئوغلۇم ئالمىنى
تىل دەرىخىدىن چۈشتۈم شېئىرغا .

2009 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەئۇدى ئاياللىرىنىڭ ئايىغى

دېڭىزنىڭ خورما رەڭ قىزلىرى كەلدى،
ئۇلار بار كوچىدا ماڭاي قاياققا؟
مىسرا - مىسرا ئىزلىرى قالدى
دەسسەپ ئۆتكەندە بۇ ۋاراققا .

كەپتەر مېڭىشىدا يۈرەكنى چوقۇپ
قەدەملىرىدە گۈللەرنى ئوقۇپ،
كەچلىرى تالاغا چىقسا يۇلتۇزدەك
ئۇيغۇر شائىرى چىقالماس قورقۇپ .

ئوتتۇرا شەرقنىڭ يۈرىكىدە
زېمىننى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر ئوت
قاپقارا ھىجاپتا كۆل ئىچىدە
كۆيمىسۇن دەپ دۇنيا ئۇشتۇمتۇت .

قۇتلۇق سەئۇدى ئاياللىرىنىڭ
پۇتلىرى جەننەتكە سۆرەيدۇ .
ئوتلۇق مودا ئاياغلىرىدىن
پۇت بارماقلىرى سۆزلەيدۇ .
سۆزلەر كۆزلىرىمگە
باشباشتاق ئايىغى،
ئايىغىنىڭ گۈللىرى،
گۈللىرىنىڭ رەڭگى، پۇرىقى،

ھەر پۇتىنىڭ بەش مىسراسى،
ھەر بارمىقىنىڭ ئۇزاق ياز پەسلى .

تىترىتەر مېنى بۇ ئاياغلارنىڭ
كوچىدىكى ئاشكارا نامايىشى .
تەرلىتەر خېنە يۇقى تىرناقلارنىڭ
ئەركىنلىك شوئارى تاۋۇلىشى .

سۆزلەر ماگماقىتا قارا سىياھتا
كۆرمىدى قەغەزدە باشقا ئادەم .
بىر جۈپ گۈللۈك كەش ئۆتسە ناۋادا
بىر تۈپ خورمىدەك توختايدۇ قەلەم .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

## تاشپاقىنىڭ قۇلىقى

مۇساپىر يىغلايدۇ يۇرتلۇقىغا:
يۇرتىنىكى پاقىلارنىڭ كۇركىرىشى
ئاڭلىنار ئاخشاملىرى قۇلىقىمغا .

چىلانىنىڭ تەمىنى ئۇنتۇپ قالدىم،
باغدىكى شوخلىق بىر تۇپ چىلان
ياماشقان، قولۇلىرىم قان ئەسكە ئالسام.

ئورما ناخشىلىرى، ئايدىڭ كېچە
جىگدە چېچەكلىرى دىمىقىمدا
چالما ئالما ئىكەن تۇپرىقىمدا .

بىر مەرتەم سۆزلىۋالسام ئۆز تىلىمدا
بىر ئادەم ئاڭلاپ ياتسا بىقىنىمدا —
ئاغزىدىن ھور چىقىپ تۇرغان خوتۇن .

گۆرگە ساڭگىلىدى ئىككى پۇتۇم،
تاپقىنىم تاش ئىكەن، يېگىنىم قۇم
جەننەتنىڭ پۇرىقىدا پۇرار يۇرتۇم ...

*   *

مۇساپىرنىڭ ۋەتىنى
دېڭىزدىكى تاشقا ئايلاندى،

قۇلقى تاشپاقىنىڭ قۇلقىغا .
سۇنىڭ ئاۋازى ماڭا ئاڭلاندى
ئۇنىڭ سۇكۇتى ئاڭلاندى تاشقا .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى



# ئۈچ تۇپ ياڭاق ۋە بىر پادىشاھ

قىز قولىنى كۈنگە ئۇزارتتى،
ياڭاق ئالتۇن پەسلىدىكى چۈش .

ئۈچ تۇپ ياڭاق تۇراتتى
بىز ئۈچىمىز كەلگەندە،
ئېگىز ھارۋىلاردا تاڭ ئاتتى
قاغان كۈندىن تاج كىيگەندە .

بىر تۇپ ياڭاق ئۆتمۈشكە قايتتى
قوۋزاقلىرى ئاز كەم مىڭ يىللىق .
كاۋىكىدا بوۋاق تەۋرەيتتى
قورۇقلىرىنى سىلىسام ئىللىق .

ياڭاق سايىسى پۇتلاشتى بىزگە،
ئۆلۈم پۇتاق باش ئۈستىمىزدە،
بىز بىر دەرەخنىڭ يېشىل چۈشىدە .

سەئىدخان چۈشىدە قارا بېسىپ
دوك ياڭاققا ئايلىنىپ قالدى،
ئېلىپ قەددى يادەك ئېگىلىپ .

بىز ئۈچ ئادەم ھاۋا تام ـ توساق،
بىر سايە بىز يانمۇيان تۇرساق،
بىز ئۈچ ياڭاق كۆككە بۇرۇلساق .

قۇياش قىيسايغاندا
ياڭاق سايىسى پادىشاھ
يەردە، سۇدا، ھاۋادا .

يول ئالدۇق تېز قاراڭغۇلۇقتا
قالمىدى ئىز يۇلتۇزدىن باشقا،
ئاسماندا قىز جىسمىم بىر شاخلاپ
ئايلىنىپ قالدىم سىرلىق ياڭاقتا .

2009 - يىلى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكتى تارىيسى
www.uyghurkitap.com

# چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتىم

قىزغۇچ غۇنچە پۈۋلەندى
ئېچىلغىنى بىر تال تۈن .
چېچىلغىنى تۈن بەرگى
چىراغداندا كىچىك كۈن .

چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتىم
ئىچىمنى جىم كۆرەي دەپ .
دۇنيانى ئۆچۈرۈۋەتتىم
ئەركىن خىيال سۈرەي دەپ .

كېچىنى ئۆچۈرۈۋەتسەم
كۈندۈزدە ھايات شامىم .
تېنىمنى ئۆچۈرۈۋەتسەم
جېنىمنى ياندۇرغان كىم؟

قەغەزنى ئۆچۈرۈۋەتتىم،
خېتىم دۆۋە ـ دۆۋە كۈل .
چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتىم،
يارىم بىر تال قارا گۈل .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

## مۇشۇك بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز

ئارىلىقىمىز رېئاللىق بىلەن
كۈندۈزى كۆرگەن ئۆزۈن بىر چۈشتەك .

تىرىنقىمىز بار
قۇيرۇقىمىز يوق
كارتۇاتتىن چۈشسەك .

چىشلىرى، پەنجىسى ئىشلەيدۇ
مۇشۇكنىڭ رەنجىشى چاغلىق ئىش دەيدۇ،
قورقۇتساق، قىرقىتساق چىشلەيدۇ .

مۇشۇك بار بۇ ئۆي كىمنىڭ ئۆيىدۇ؟
مۇشۇكمۇ پاكىز يۈز يۇيىدۇ .
كاللىسى يۇيۇلغان ئادەم ھەرقاچان
ئۆزىگە قۇيقۇرۇق تۈيۈلىدۇ .

ئۇيىلىدۇ چاشقان بولۇشتىن
مۇشۇك ئۆلگۈچە بولىدۇ مۇشۇك .
ئىنسان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ دائىم
بەزەن يولۋاس، بەزىدە كۈچۈك .

بىر قېتىم كۈلۈپ باقمىدى مۇشۇك
بىزنىڭ يۈزىمىز ھەرىكەتچان، سۇيۇق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئامراق بىز سۇيۇق شاكىلاتقا
قولىمىزغا ئۆلۈم چاپلاشقان .
چاپلىشىمىز چىڭ تەمسىز ھاياتقا
كۈندە مىڭ قېتىم ئۆلگەندەك چاشقان.
خۇدۇكىمىز بار ئۆلۈپ ياشايمىز،
كىم بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاچقان؟

ياز توختىغان بىر چۈشتىن كېيىن
بۇرۇتۇمنى تاشلىدىم ئېلىپ،
تويغا ماڭدىم يۈزۈم سىپسىلىق .
ھازىدارىدەك ماڭدى كەينىمدىن
مۈشۈك تۈكلۈك كىيىمنى كىيىپ .

تۆت چاپانلىق مۆتىۋەرگە بىز
يالىڭاچ قاراپ تۇرغاندەك خۇددى،
مۈشۈككە يىراق نەزەر سالىمىز،
مۈشۈك يېقىن سۈركىلىپ تۇردى .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

## كىرىستال ساتايمۇ ياكى يازدىن چىقىپ كېتەيمۇ

بۇنىڭدىنمۇ سۈزۈك ھايات بولمايدۇ،
كىشى غېرىبسىنسىمۇ كىرىستاللاشمايدۇ .
كىرىستال سودىگىرى مەن ــ
ئەينەككە بەند قىلىنغان ئادەم،
بارچە قۇياش بىزدىن ئاشمايدۇ
بىر مەڭگۈلۈك ھېچكىمدىن قاچمايدۇ .

مەن ئۆزۈمنىڭ كىرىستال مەركىزىدە
مەنىلەردىن ھۇزۇرلىنىۋاتىمەن .
مەنىنىڭ كۈندۈزدىكى ئىسسىق رەڭگىدە
رەڭلىك كىرىستال ساتىمەن .

بۇ بىر يۇملاق رەسەتخانا،
ھەربىر ئادەم بىر يۇلتۇز گويا .
ئادەمنىڭ بارار جايى يۇلتۇزدا
ئالەمنىڭ تۇغۇلغان ئۆڭكۈرى قارا .
قارا تاشنى ئايلانماقتىمەن
نۇرغا تولدۇم مەن بارا ـ بارا .

ئارقىغا قايتىشقا بولمايدۇ
سۆزلەر ئېغىزدىن چىققان يۇلتۇز

چېپىشىدۇ، چېتىشىدۇ، تۇغىدۇ،
تىل دۇنياسىدا ياشايدۇ يالغۇز.
قايتماس مەڭگۈلۈك بىر سۆز بىلەن
بار بولدى، كۆپەيدى، قايتمىدى ئادەم.

يازدىن چىقىپ كېتەلمەيمەن
بىر تۇپ مېۋىلىك دەرەختەك مەن
لىق مەنىگە تولغان بۇ يازدىن.

قۇرۇقدىلىپ قالغانلار ئۈچۈن
بۇ شېئىرنى مەنىلىك يازدىم.
ساتاي ئەمدى كىرىستالىمنى
يوپۇرماق رەڭگىدە ئاز - ئازدىن.

2009 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

## ئادىل تۇنىياز نەگە كەتكەندۇ

بىر ئاق بۇلۇت كۆك تېرەكتىن سورىدى:
نەگە كەتكەندۇ ئادىل تۇنىياز؟
— يەردە ئەمەس ئۇنىڭ يىلتىزى
ئۇ يېنىمدا دېدى يىراق ياز .

ياز دەرەخنىڭ، سايە غېرىبىنىڭ،
كېچە ئۇششاق ئاق چېچەكلەرنىڭ .
بىر تەشتەك تۇننى شىرەگە قويۇپ
قەغەزدىن گۈل ئېچىلدۇرۇۋاتسام
تۇن سىياھدىن چاچراپ تۇرۇپ
— دادام قېنى؟ دەپ يىغلىدى بالام .

ئاسمان ماڭدى
زېمىن ئۈستىدە،
مەن قۇرۇق قول ئادەم ئاتىدەك
كېتىۋاتسام زېمىن ئۈستىدە
بىر مەنىسىزلىك كەلدى لەيلەپ،
ئادىل تۇنىياز قېنى سەن ھەي، دەپ .

كەڭ ـ كەڭرى بىر ئۇلۇغ ئۆيدە مەن
قوللىرىمدا ئالەم كىتابى .
قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرار
كۈن، ئاي، يۇلتۇز، يەرنىڭ خىتابى .

يىتىپ كەتتىم بەلكىم بەش مىنۇت
بىر يورۇقنى كۆرگۈچە تاكى،
ئادىل تۇنىياز قېنى دەپ سورار
بىر بۇغداي ئۆڭ شەيتان توختىماي .

ئەينىكىدىن ئاق پىكاپىمىنىڭ
قاراڭغۇلۇق كىرگەندە ئۇسۇپ،
يوقتەك تۇيۇلدى بىرمۇ مەۋجۇتلۇق
مۇساپە كۆرسەتكۈچ نۆلنى كۆرسىتىپ .
يوللار ئېيتار ئادىل تۇنىياز يوق،
ئۇستۇمگە ئۇشتۇمتۇت چۈشسە بىر يورۇق .

ئادىل تۇنىياز نەگە كەتكەندۇ
تېرىسىنى تاشلاپ كېچىگە
بۇ دۇنيانى باشلاپ ئىچىگە،
ئۇ سۈكۈتتىن چىقسۇن، چىقمىسا
شېئىر سۈكۈت يۆنىلىشىگە .

يات تۇپراقتا كۈنلەر ئاققان سۇ
ئات سۇغارغىلى كەتكەنمىدۇ ئۇ
ئۆزلۈكنى تۇتۇپ ئېگەرلەپ .
يات ـ يات بۇندا كىشنەيدۇ بىر ئات
ئىگەم ئادىل كەلمەيدۇغۇ دەپ .

كېتنۋاتسام كوچىدا
بىر غېرىبلىق كىشنەيدۇ
ئادىل تۇنىياز قېنى دەپ .
ئادەملەرنىڭ توپىدىن
كىملىك مېنى چىشلەيدۇ
قوي قوزىسى قېنى دەپ .
ئۆيگە كىرسەم كوچىدىن

بىر جىمجىتلىق سۆزلەيدۇ
تاپالمىدۇق سېنى دەپ .
مېنى سىرلىق ئىزدەيدۇ
چاقىرمىغان بىر مېھمان،
قىشلىق چاپان، ئاق پەلەي
قارا كۆزئەينەك تاقىغان .
ئەزرائىلنى تونۇيمەن
كەلسىمۇ ئۇ مۇشۇنداق
ياكى باشقا بىر سىياق .

* *

مېنى سورىمىدى ئۇيغۇر ئوقۇرمەن
قېنى ئادىلجان نەگە كەتتى دەپ،
بىر تۈپ خورمىغا ئايلىنىپ قالسام .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب ئورىكتى
www.uyghurkitap.com

## ئورما ناخشىسى

بىر گۈل ئېتىلىپ چىقتى ئېچىمدىن،
بىر خۇش پۇراق تېنىم، چېچىمدىن،
ھىلال ئايىم ئورغاق سال تېزرەك
بىر تال باشاق پىشتى كېچىدىن.

بويۇك جىگدە چېچەك ئېچىلدى،
بۇغداي پىشتى جېنىم چېچىلدى.
جور بولغىلى ئادەم يوق بۇگۈن
ئورما ناخشىسى يالغۇز ئېيتىلدى.

تەن ئوخشايدۇ جان مىنگەن ئاتقا،
مەن يىقىلدىم ياغاچ كارۋاتقا.
بىز بىر دېھقان جىق ھوسۇل يىغقان،
لېكىن نېمە بەردۇق ھاياتقا؟

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

# ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلان

ئوتتۇرا شەرقنىڭ شەرقىدە مەن،
بۇ شېئىرنىڭمۇ شەرقىدە ھەم
مۇساپىرلىقتا ئىزدىدىم دالدا .
ئالتۇن شولا تاشلىغان ھالدا
ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلان .

ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور ئالدىدا
قىسقا قىستىق نەيچىسى بىلەن
ئۇزاق يازنى تېتىۋاتقاندا
شەكلى يوپۇرماق، قانىتى كۆل رەڭ
ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلان .

ئازابنىڭ كوچىدىكى سۈزۈكلۈكى،
قاغىدەك بەلگىسى بار ئاشۇ كىشى،
تىلىنى قاغا چوقۇغانلارنىڭ
سىم - سىم يامغۇردەك كېكەچلىشى،
تارقىتىپ غېرىبلىقنىڭ نەم ھىدىنى
ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلان .

چېچەكلىگەن ئاپپاق قەغەز
قارا رەڭلىك مېۋىگە كىرىپ،
خوتۇن تېرىسى قالغان ئىشكاپتىن
قوللىرىم بۇغداي ئۆڭ كىيىم كىيىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر مۇراسىمغا تەييارلانغاندا
ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلان .

ئوت تۇتاشتى بارماقلىرىمغا
يالغۇزلۇقنى چىڭ تارتتۇۋەردىم،
دېڭىز كۆكۈچ كۆيۈۋاتقاندا
مەن دېڭىزنى بىرلا دەم تارتىپ
چىقىپ قالغاندا تەكلىماكان،
ئېلىپ بارار ئۇيغۇر تىلىغا
ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلان .

ئەزان ئاۋازىنىڭ گۈللۈكىدىن
پەرىشتە ئۈنلۈك ئۆتۈپ كەتكەندە،
پادىشاھ فەھد دەرۋازىسىدىن
ھەرەمگە كىرگەن بىر ناتىۋان ئۇيغۇر
بىر نەچچە دەقىقە يىتىپ كەتكەندە
ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلان .

يېرىم زەردارغا ئايلىنىپ مەن
ئالتە مىللىلىق كىرىستالىمنى
دېڭىز رەڭگىدە سېتىشنى ئويلاپ
قايتا ـ قايتا قىلغاندا پىلان
ئەركىن، كۆپكۈك ئاسماننى بويلاپ
ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلان .

ئۆزلۈكۈمنىڭ چېگرا سىزىقى
قارا كىيىملىك ئايالنىڭ
مۇشۇكى تۇرغان پەلەمپەيگىچە
قىزىل رەڭ بىلەن سىزىلغاندا،
مۇشۇكنىڭ ئىسسىق، تۈكلۈك، ھۆل ئاغزى
ئاپتاپنى مالاچىلىتىپ ھەزىم قىلغاندا

بارلىق چېگرالارنى كېسىپ ئۆتۈپ
ئۇرۇمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلان .

ئۇرۇمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلان
ئۈچ ئوغلۇم ۋە خوتۇنۇم بىلەن
تاغلار ئېشىپ كېلىدۇ تەستە .
كۆككە باقمەن قايناق ھەۋەستە
چاۋاك چالىدۇ خورمىلار پەستە .
شامال بولۇپ ئۇچۇپ كېتىمىز
قالار تۇپراق مەڭگۈلۈك ئەستە .
شۇنداق ئويلىدىم ئۇلار كەلمەستە،
مەن يەنە يالغۇز پايانسىز كەچتە ...

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بىر تال ئېغىر پەي

— گېرمان پەيلاسوپى نىتزىغا ئاتاپ

سېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى
سەن ئۆلتۈرگەن .

كىتابتىن بىر قۇش
ئۇچۇپ كەتتى،
ئۇچۇپ كەتتىڭ سەن .

تۇتۇۋالدىم بىر تال پەي،
كۆتۈرەلمەي، كۆتۈرەلمەي
قويۇپ قويدۇم ئاخىر
ئۇ سېنىڭ ئىدىيەڭ .

ئۆلۈك، تىرىك مۇڭدىشار پات ـ پات
ئايلانغاچقا مەڭگۈ ئاداشقا،
خوشلىشايلى دوستۇم بۇ يەردە
ماڭغان يولىمىز باشقا ـ باشقا .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

# كۆلكىنىڭ ئىچىدە

ئىچىدە يىغلاپ كۆلدى جۇمەك،
جۇمەك ئىچى قاراڭغۇ،
قورقۇنچتا سۇ .

تۇن بويى ئىسسەدەپ چىقتى توڭلاتقۇ،
مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ كەلمىدى ئۇيقۇ .

تاملار يىغلار ئۆرە تۇرۇپ،
يىغلاۋەردى ئولتۇرۇپ
ئۆيۈمدىكى ئورۇندۇق .

مەن ئۇلارغا ئېيتتىم،
يىغلىغۇدەك ھېچ ئىش يوق،
ئۆلۈم دېگەن بىر قېتىم .

ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئۇلار،
ئەمدى يالغان كۈلۈپ تۇرار .

بىر ئادەم يۈزىنى بويار
دۇمبىسىنى قىلىپ بىزگە،
كۆلكىسىنىڭ ئىچىدە .

سۇدەك سۈيۈق بىر كۆلكىنىڭ ئىچىدە
سويماقتا بانان ئاقپىشماق چوكان
تويماقتا قورسىقى ئاچ قالغان ئەرنىڭ .

ۋەيرانە كەپىدەك بىر كۆلكىدە
تىلسىز ، ھىماتسىز ، ئۈمىدسىز
سانسىز قوشنىلىرىم ئۇلتۇرۇشلۇق .

بەزى كۆلكە قورقۇنچلۇق
ئىچىدە قاراڭغۇ ئۆزۈن تار كوچا
قاراماي، قىزىلگۈل، ئەرۋاھ بار كوچا .

ئېچىنىشلىق بىر كۆلكە
كىرىپ كەتتى كىشلەرنىڭ ئىچىگە
سايىسى تالادا ، قالدى كېچىگە .

ئاق قەغىزىم قۇپقۇرۇق كۆلدى،
قەلەم ئۆزاق كۆز يېشى قىلدى .
قاپىيەسىز بەزى ئادەملەر
ھايات مەنىسىنى ئەمدى بىلدى .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

## پەيدا بولۇپ، يوقلىپ تۇردىغان يۈز

قالدىم دەرەختەك ئۆزۈمگە ئۆزۈم،
ياز كەينىدە سارغايغان يۈزۈم،
پىشىۋاتقان مېۋە — ئۆزلۈكۈم .

جېنىم يالىڭاچ، قالدى تېنىم ئاچ
كىشىلەر ئارا مېنىڭ چىرايىم
غەمكىن ئۇچۇپ يۈرگەن قارلىغاچ .

يۈزۈم يوق يەردە مەن ئۆزۈم يوق،
قىممىتى يوق تىرىك ئۆلۈك مەن
يا بىر كۆلەڭگە ھەر كۈنى ئۆلگەن .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

## ھېلىقى

كېتىۋاتقان بىر سايە
تۇساتتىنلا پەلەمپەيدە
ئۆزىنى تونۇدى،
ھېلىقى ئادەم ...

بىر ئادەم يەردىن كۆتۈرۈپ باشنى
تونۇمىدى قاراپ قۇياشنى،
ھېلىقى سايە .

سايە ۋە ئادەملەر ئىچىدە ھازىر
مەن ئالدىراش يېزىۋاتقان بىر
شېئىرى ئۇيغۇرچە ھېلىقى ئادەم .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مەن شامالغا قاراۋاتىمەن

قەغەز ئۇچمىسا بولاتتى
ئۇچتى پەسلەپ ئېغىر قانتى .
كەپتەر پۇتى قىزغۇچ يۆتكەلدى
قاناتلىرى سۇس ئاسمان كۆكى .

مەن تالاغا قارىسام مايماق،
پۇتى يوقلار كىيىپتۇ ئاياغ،
يېشىل مايلاپ ياز توپلىيىنى
يامغۇر كىيىپ ئاياغ — لىپىنى
كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى نايناقلاپ .

مەن كەپتەرگە يەنە قارىدىم،
خوتۇن ـ بالام ئۇچتى كۆزۈمدىن،
كەپتەر كۆزىدە يوق ئىكەن ھېچكىم .

مەن شامالغا قارىدىم بىردەم
قارا كۆزلىرىمدە ئاسمان نەم .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

# بەش ئەزانىڭ قورشاۋىدا مەن

بەش ئوغرى قاچتى،
بەش تەرەپكە مېنى ئەپقاچتى،
دېنى خەققە، جېنى ئۆزىگە .
جىندەك يالغۇز قالغىنىمدا مەن
ياغاچ تىقىپ ئەقىل كۆزىگە،
تەن پادىشاھ، ۋەسۋەسە ۋەتەن .

مەن بىر يالقۇن كارىۋاتتا ئۆچكەن،
مەن بىر ئازغۇن ئۆزۈمگە ئۆچ مەن .
مەن بىر ئۆلۈك ئەسىرگە چۈشكەن،
جەستىمنى سۆرەر بەش دۈشمەن .
نەپسىمنى سانايدۇ ھاۋا،
ئاڭلار تاملار قۇلىقى بار .
تەن زۇلمەتتە كۆرمىگەن بىلەن
ئۆلۈمنىڭ ئاۋازى، پۇرىقى بار ...

بۇرنۇم گاچا ئۇن ـ تىنىسىز پۇرار،
كۆزۈم ئەسكى چەكچىيىپ تۇرار .
قولۇم قارىغۇ كۆرگەن نەرسىنى
سىلاپ ـ سىيپاپ، مۇجۇقلاپ تۇتار .
مەن تەگرىنىڭ سۈكۈناتىدا
ئۇلۇغ سۈكۈت ماڭا ئاڭلىنار .

ئەللەيلەيدۇ قەلبىمنى دولقۇن
دولقۇنلىغان دېڭىز، سەن يا قۇم.
يىراقلاردىن تىڭشار قۇلىقىم،
يېقىن كەلسەڭ تاشتەك ۋۇجۇدۇم.

مەيلى كۈندۈز، مەيلى كېچىدە
بەش ئەزايىم قىلىدۇ ھۇجۇم.
مەن ياشايمەن قورشاۋ ئىچىدە
دەيمەن غەلىبە قىلىمەن چوقۇم.

كۈندۈز ئىچىدىن چىقسام ئۆتۈكلۈك
كېچىدىن بىر پۇتۇم قالدى چىقىپ.
غارغا كىرەيمۇ، چۆلگە كېتەيمۇ؟
ئۆزۈمدىن دەرۋىشتەك توختىماي قېچىپ.

2009 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى



# مۈشۈكۈمنى ئىزدەيمەن

ئىچىۋاتاتتىم يازنى گۈل رەڭدە
يامغۇردەك ئولتۇرۇپ پەلەمپەيدە،
ئېچىلدى سۇيۇق قىزىلگۈل بولۇپ
نۇرغۇن مۈشۈك سېمونت يەردە .

ئۇشتۇمتۇت مۈشۈكۈم يوق ئىزدەپ باقتىم
پۇرنى، قۇيرۇقى ھەممە نېمىدە .
ئۆزۈم يوق، پەلسەپە كىتابتىن تاپتىم
يەنە يوقاتتىم تۇرمۇش غېمىدە .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى



# ئۆمۈر روجەكلىرىدىن قىرىقىنچى كېچەمگە قاراپ

ئىچىمنى قارا مۈشۈك تاتىلايدۇ،
چىچىمنى ئاق ـ قارا مالتىلايدۇ،
كېچەمنى بىرقانچە ئاق يۇلتۇز
يازغان
يازماقتا
يازار ئۈز ...

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى



## ھەممە نەرسىدىن سوئال سورايمەن

قۇش ئۇچۇپ كەتسە نېمە قالىدۇ؟
سۈكۈت قالىدۇ، دېدى بىر تېيىن .
سۆگەت كەتمىدى، كۆز كەتتى كېيىن
پەي ـ قانتى ئالتۇن رەڭ لىكىن .

كۆز كەتسە ئىشكاپتىن نېمە قالىدۇ؟
يازدىكى سۈرىتى بالىلىرىمنىڭ .
تاغ سۈيى جىمجىت ساز چالىدۇ،
كىيىمى ئۇسسۇلدا مېنىڭ گۈلۈمنىڭ .

جىمجىت كۈنلەردىن نېمە قالىدۇ؟
ئەينەك يۈزۈمنىڭ ئەكس ساداسى .
قەلبىم سۈكۈتتىن تىنماي سۇندۇ
قەغەزدە قەلەمنىڭ قۇرۇماس يېشى .

نېمە قالىدۇ كەتسە تۈن كېچە
كۆكتىكى كۈندەك يالغۇز بىر ئادەم .
مەن تېنىمدىن قۇشتەك ئۇچقۇچە
تەن دەرىخىم، ھەسرەتلىك سايەم .

سوئال سورىدىم ھەممە نەرسىدىن
ئۇلار جاۋاب بەردى كىكەچلەپ .

سوئال سورىمدىم مەڭگۈلۈكتىن مەن
چۈنكى شەكسىز ئىگەم تۇرسا دەپ .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى

## ئۇيقۇسىزلىقنى سىزغان ئادەم

سىزىمەن رەسىم كىرپىكىم بىلەن
شامالدىن بىر پارچە شامالغا ،
كېچىنى جەنۇبتىن شىمالغا .
قوللىرىم چۈشسىز ، چۈشلىرىم گۈلسىز
سىزىمەن ئۇيقۇمنى ئاپپاق تۈت تامغا .

سىزسام كىرلىككە تۆشۈك ئاسمان
چوڭقۇرلۇقى ئوخشار ئايالغا .
قار مەنزىرىسى سىزسا دېرىزەم
ئوت يالقۇنىمەن سىزىلغان قارغا .

غەمسىز ئۇيغۇر مېنىڭ ھەيكىلىم
قۇم ساھىلغا تاشتىن قوپۇرغان .
مەن مۇسۇلمان كۆكتە ئەرلىكىم،
تەن بىر يۇلتۇز كۆزى ئويۇلغان،
ھەم قارا ئۆڭكۈر دەم تارتىپ تۇرغان .

قۇياش غايەت ئاسمان سائىتى
بىز ئىسترېلكا ئوقدۇر كەبە،
ئايلىنىمىز ئۆلۈمگە قارشى
بىزگە تەڭشەكلىك كۈن، ئاي، يەر شارى .

مەن كارىۋاتتىكى ئۇيقۇسىز كىشى،
مەن بىر ئۆلۈك كۆزلىرى ئوچۇق .
مەن ئاچ قالغان قۇياش بوركۇتى
جان ساقلىغان ئۆزىنى چوقۇپ .

بۇ شېئىر مەستۇرە يۈزىنى ياپقان
كۆزى مەنە، سۆز كىرپىك قاققان .
تۈنلەر بىدار ئۇلۇغ ئاشىق مەن
جىمى ئىنسان غەپلەتتە ياتقان .

شۇنداق چاغدا دەيمەن ئاھ نىگار
تاشلاپ نىگاھ ماڭا بىر باققىن .
قولدا تەسۋى، ئاغزىمدا تەسبىھ
يېشىم يۇلتۇز تارىملاپ ئاققىن!

كەزدىم كىچىنى تاشپاقىدەك
سەدەپ قېپىمغا توشتى ئۇيقۇ .
ئەمدى پەسكە چۈشتۇم ئۆملەپ
ماڭدى سۆرەپ تۆت پۇتلۇق تۇيغۇ .

*   *

دەل شۇ چاغدا
كەلدى شېئىر ساھىبجامال،
كاللىسىدا بىر كوزا بال،
قوللىرىدا رەڭلىك شامال،
ئۇيقۇسىزلىقنى بېشىدىن باشلاپ
تاپىنىغىچە سىزاي مەن دەرھال .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

## قىزىلگۈلنى ئەسلەيدۇ كوچا

دېرىزىدە چېقىلغان ئاسمان
يەرگە ئېتىلغان يۇلتۇز ئوقلىرى
يېزىلمىغان گۇگۇمنىڭ ئىسمى .

ئەزرائىل ئۇنتۇپ كەتكەن بىر بوۋاي
چۈشىن ئۆلتۈرەر يۆلىنىپ تامغا
قولدا پالىقى بويالغان قانغا .

ئۆلۈمنىڭ ئەتىرگۈلى يېزىلغاچقا
كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا، بۇ بېشىدا
بىرمۇ ئادەم يوق يامغۇردىن باشقا .

بىر ئۆسمۈر ئىشكنى ئېچىش بىلەن
جېنى گۈل رەڭ، بەدىنى لوڭقا،
كەچكى شەپەق قېتىلدى توپقا .

بىر چېچەك ئېچىلدى قىز تېنىدىن
يىگىت ئايرىلدى سۈتتەك جېنىدىن .

بىر چاقماق ئۆزىنى يەرگە ئاتتى،
ئاسمان ئەھلىنىڭ ياشلىرى ئاقتى .

بىر دەريا ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپ
ئۆلۈۋالدى، يوقتۇر قەبرىسى .

بىر بالا ئۇشتۇمتۇت ئۆچۈپ قالغان ئوت
كوچىدا ھېچكىمنىڭ ئىمزاسى يوق .

مەن بىر گېزىتنى ئوقۇۋاتقاندا،
سەن چۆچۈرە تۈگۈۋاتقاندا،
قوشنىمىزنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى
ئاياغ مايلىغلى كېتىۋاتقاندا
ئەزرائىل ئاتلىق ئۆتۈپ كەتتى
ئەرۋاھ غازاڭلار لەيلەر كوچىدا ...

بىردىنلا
كۆز كېلىپ قالدى
ئەينەكتىكى چىرايىمىزغا .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بېشىمنى دىۋانغا قويۇپ، پۇتۇمنى دېرىزىگە

كۆزەتمەكتىمەن شاپتۇل چېچىكى رەڭ مەنسىزلىكنى،
بېشىمنى دىۋانغا قويۇپ، پۇتۇمنى دېرىزىگە مەن .

بەزىدە ھايات مۇشۇنداقكەن،
چېچىلغان ئۈنچىدەك قالايمىقان
مەنىلەرنى تېرىۋالىمىز .
بىر كۈننى يىپقا ئۆتكۈزۈپ ئېتىك
ئۆتتى، دەپ يېنىك تىنىۋالىمىز .

كۈندۈزدىن ئېشىپ قالدىم،
ھەممە يۆنىلىشتە غېرىبلىقنىڭ
پۇتۇمنى ئاسمانغا قىلىپ، كاللامنى ساڭگىلىتىپ
بۇلۇتتەك ئەركىن خىيال قىلىپ ...

ئادەم لەيلەپ قالغان بۇلۇتتەك
چەكسىزلىكتىن چەكسىزلىكلەرگە .

ھاۋا رەڭ يەلپۈگۈچ چۈشتى يەرگە
ئېچىلغان قارا كۈچ كۈچتۈڭگۈر ئەرگە .
قولۇم بىلەن كۆردۈم ھاۋانى
ئۆلۈم سۈدىن سۈزۈك كۆرۈندۈ،
باشلىدى ئۇسسۇل، كۈي ـ ناۋانى
تۇرۇبىدىن چۈشكەن بىر پۇتلۇق سۇ .

پۇتۇمنى ئېگىز كۆتۈرسەم
دىۋاندا باش يوق، ئاسماندا قۇياش
سۆزلەر قەغەزدە ئۆنگەن، كۆكەرگەن ...

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## شېئىر يېزىش گۇناھى

يازنىڭ ئاچماق قۇيرۇقىدىن
يامغۇر چۈشتى پەسلەپ ـ پەسلەپ .
قارلىغاچتەك كىردىم كەچكە
ئۆتۈكۈمنى ماكچايتىپ دەسسەپ .

تۇيۇقسىزلا چىقتى مۈشۈك ـــ
ئاق قۇيرۇقلۇق قارا مۈشۈك،
جەننەتتىكى بىشارەتتەك .

راھەت بىلەن يېتىپ ئەسنەپ
ئۇخلاپ قالدى ئادەم دەسلەپ،
ئۇيقۇلۇقتا تۇتۇپ قەلەم
ھاۋا بىر چۈش يازدى ئەسلەپ .

ئاچ قالغان بىر مۈشۈك،
قۇيرۇقى بار قاچقان چاشقان
ئۆلۈم تۆشۈك، ئۆلۈم تۆشۈك .

تام تۈۋىدىن چىقتى بىردىن
ئاق قۇيرۇقلۇق قارا مۈشۈك ـــ
قارا باشتىن باشلىنىپتۇ،
قۇيرۇقىدا ئازغىنا ئاق .
بۇ مۈشۈكنى ئىگەم سىزىپتۇ
ئاق ـ قارا رەڭ قىلىپ شۇنداق .

بىر تۈپ خورمىنىڭ كۆندۈزىدىن
ئېشىپ قالدى قاراڭغۇلۇق .
ئاق قەغەزگە شېئىر يازدىم
شېئىر ئۈزۈن قارا قۇيرۇق .

گۇناھكارمەن، ئازار قۇيرۇق
يۆگۈلدىم تۈيۈپ شۇملۇق .
ئالدىم قەلەم ئىچىم يورۇپ
چىقتى زۇلمەت شېئىر بولۇپ .

* *

قەلەم تۇتۇش گۇناھى
شېئىر بىلەن يۈيۈلار گاھى،
مەن قايتارمەن جەننەت تۈيغۇغا
تۆۋىگىچە كولاپ سۆزلەرنى .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى



## پاتمچۇقنىڭ كىيىمى يوق

دېرىزە ئوچۇق، ئاي پۇچۇق
ئىشكاپ ئوچۇق، يوپكا قۇپقۇرۇق .
كېتىپ قالغاچ ئۇيقۇ كىيىمىم
سايىدەك يالىڭاچ ئولتۇراتتىم .

ئىشكاپ كەينىدىن چىقتى پاتمچۇق
سۆرىلىپ تۇرغان چىت كۆڭلەكتەك
گۈزەل قۇيرۇقى، پۇتلىرى ئوچۇق .

ئۇ تۇردى بىردەم ماڭا قاراپ
مەن بىر بىزەك ماڭدىم ئالدىراپ .
پاتمچۇقنىڭ كىيىمى يوق،
يۆگەنگۈچمەن ئۆلۈم ئوچۇق .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۇلۇم

مۇزپىدا مېنىڭ كۆرگەن نەرسەم
مىس تەڭگە، تاش پۈتۈك، قولسىز قەلەم .

قولسىز قەلەم خەت يازماقتا،
قويىسىز تېرە ياشىماقتا
ئۆلۈم دېگەن ئىسمى بىلەن .
بوش تېرىگە سۇ توشماقتا
تۇلۇم دېگەن ئىسمى بىلەن .

بىر ئايال تۇلۇمدىن ئۇسۇپ ئۇنى
قۇيدى سۇنى قاراڭغۇلۇقتا
سۇمبۇل چېچىدىن تاپىنىغىچە .

بىز كۈندۈزدە ساقلاپ تۇرىمىز
سۇ سارقىغان ھۆل چاچلار — كېچە .
بىز ئۆتمۈشتىن قۇتۇلالمايمىز
قىز بىر ئويماق تاش بولمىغۇچە،
بىز مۇزپىدىن چىقالمايمىز تېز
ئۆلۈك ئورنىدىن تۇرمىغۇچە .

قۇرۇق تېرە تارىخ دېگەن،
سەن تېرەڭنى سالغان پاقلان .
تېرە ئىچىگە ئاق سىياھ بىلەن
مەن بىر شېئىر يازغان ھايۋان .

www.uyghurkitap.com

تىرىك مۇزېيدا
تەكرار تارىخ،
مەڭگۈلۈك ئادەم .

مۇزېيدىن چىقىپ كۆرگەن نەرسەڭ
قۇرۇق تېرىدە ياشاۋاتقان مەن .

2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى



# ئۇيغۇر ئاچقان بىر ئاشخانىدا

بىز دېگىنىزغا ناتونۇش،
بىز شامالغا تونۇش مۇساپىر .
ئۇيغۇر پەيدا بولغان شەھەردىن
تېپىۋالدۇق ئاشخانا ئاخىر .

لەگمەن بىزگە ئۇزۇن تەسەللى
ئاچقان يەرگە باردۇ ئۇگرە .
قاسقاندىن چوشۇپ ماگار مانتا
ماختاشقا لايىق چۆچۈرە، توگرە .

ئاچچىق مۇچ بىلەن قورۇلغان توخۇ
ئاچچىقنى ئالغاي، چۆپنى تەك سالغاي .
تونۇر كاۋاپ بەر، ئۆلۈك قوپۇپ يەر
يېمىگەنلەر گۆردە قالغاي .

بىسمىللا دەپ بېشنى كېسىپ
قويدىن كېيىن قوي ئۆپكە ـ ھېسىپ .
سۆزلەر شېرىن ئىچ ـ باغرى قويىنىڭ
بۇ مەئىشەت ئۇيغۇرغا نېسىپ .

داستىخاندا پولۇ شاھىمىز،
ئولتۇرغاندا ئۇنى چۆرىدەپ
تويار قانچە بولسا سانىمىز
بەھۇزۇر باق، سۇنغان ئاقسۆگەك .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قورساق ئاچقان بۇ جەننەت ماكان،
ئۇيغۇر ئاچقان بىر ئاشخاندا
سانىغىنىم بىر نەچچە تائام
قالغىنى سانسىز يۇلتۇز ئاخشامدا .

* *

بىز شەرققە كۈندەك ناتونۇش،
بىز سۇدەك يات غەربكىمۇ ھەم .
كەڭ بىر دۇنيا داستىخىنىمىز
بار شەرقچە ھەم غەربچە تەم .

2009 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى



## كارب بېلىقى

مېنىڭ پوستۇم قۇم بىلەن سۇ
مېنىڭ دوستۇم كارب بېلىقى .

سۇ تونۇيدۇ سىياھبېلىقنى
ئۇ شۇڭغۇسا دېڭىز ئاستىغا
سىياھتەك بىر سۇيۇقلۇق چېچىپ
رەقىبىدىن قۇتۇلار قېچىپ .

كارب بېلىقى
مەززىلىك، يۇمشاق
يوق قىلتىرىقى .
بىلىدىكەن ئۇنى ھەر كىشى،
ئۆتكۈر ئىكەن كىتتىنمۇ چىشى .
قورقىدىكەن شۇڭغۇشتىن چوڭقۇر
ئۆيى ئىكەن پەس دېڭىز قېشى .

بىر كۈنى
كارب بېلىقى
دوستۇمغا ئايلىنىپ
يېقىن دوستۇمغا مىجەز - خۇلقى
ياشاۋاتاتتى تۇرمۇش يۈزىدە
تاللاپ مېڭىپ بولسا يول يېقى .
كۆرمىدىم ئۇنى يېقىندىن بېرى

بار ئىدى ئۇنىڭمۇ تىرنىقى، چىشى
كۆرمەيدۇ بۇنىڭدىن كېيىن ھېچ كىشى .

قىلچە ئىچىم ئاغرىمىدى
ئاغرىمىدى بىر مىسرامۇ
كەلگۈچە شېئىرنىڭ قويرۇقىغا .

كەلگەندە ئۇزۇپ كارب بېلىقى
بېلىقچى پىچىرلار قۇلىقىغا .

ئۇزۇپ كېتىمىز قاراڭغۇلۇققا
ئۆزىمىزدە نېمىنى تاللاش .
مېنىڭ دوستۇم بىر سىياھبېلىقى،
مەن سۆيگەن تەقدىر كىتتەك ياشاش .

2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى



# يېرىم كېچىنى پۇرايمەن

بۇ كېچىنى يەنە پۇرىسام
كارىۋىتىمدا ئاي يورۇقى .
دېرىزىدە قىزغۇچ يۇلتۇزدىن
كېلەر ئۈرۈمچىنىڭ پۇرىقى .

غۇۋا يورۇپ تۇرغان دۆڭكۆۋرۈك
يار چېچىدەك تۇم قارا كېچە .
ئىزدەپ ئىسسىق، تونۇش بىر ھىدنى
كىردىم پاتقاق تار كوچىغىچە .

بۇ مىسرادىن قايتتىم پۈتۈم لاي
قەغەز قارا قەلەم ياش يۇقى .
مېنى پۇراپ ئېلىپ كەت شامال
مەن غېرىبنىڭ تىرىك تۇپرىقى .

2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قەھۋە ئىچكەچ يازغان شېئىرىم

چۆننىمۇ يا ئەمەسمۇ چۆن؟
بىر تائىپە بۇ يۈزى قېلىن .

قوندى بىر چۆن
چاپلىشىپ چىڭ
ئەت رەڭ يوقلۇقتا،
ئاشۇ يەردە ھەممىسى لېكىن
شەھۋەت، ئۆلۈم ۋە ھەرقانداق دىن.

ئۇچۇشقا تەمشەلگەن يەنە بىر چۆن
ئېچىلاي دېگەن قوش ياپراقلىق گۈل .

ئالدىمدا قەھۋە رەڭ سۈيۈق ئايال
چۆن پوقىدەك بەزىدە كۆگۈل .

2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

# شامالدەك ئادەم

شاپتۇل چېچىكى رەڭ شامال قېشىدا
بىر تۇپ دەرەخ مەن كىرگەن گۈگۈمغا .
سېزىمەن چۆلدىكى تاش مېڭىشىدا
كۆنلەر بىر تالدىن ئايلاندى قۇمغا .

نېمىشقا ئۇشتۇمتۇت مەۋجۇتمەن بۇندا؟
مەنىلەر شەبنەمدەك چاقنار تۇرمۇشتا .
روجەكتىن ئۇچۇپلا كەتكۈم كېلىدۇ
ئايلىنىپ تۇيۇقسىز بىر قارا قۇشقا .

غېرىب مەن بۇ يەردە ۋەتىنىم ھەم
غېرىب مەن يامغۇردا ياكى ئاپتاپتا .
سۆزلەيمەن ئۇيغۇرچە تاملارغا بىردەم
سۆزلەيمەن سۈكۈتتىن ئىچىم يورۇسا .

گۈللەرنىڭ بەرگىدەك كىتابنى ئاچتىم،
ئالەمگە يۇزلەندىم، ئۆزۈمدىن قاچتىم .
مەنىلەر يۇلتۇزدەك چاقنىغان يەردە
تىزىشقا باشلىدىم سۆزلەرنى باشتىن .

شاپتۇل چېچىكى رەڭ سۈكۈت ئىچىدە
بىر سايە شامالدەك چىقتى كېچىدە .

شاپتۇل چېچىكى رەڭ كۆردۇم ئۆزۈمنى
ئېچىلغان نامەلۇم شادلىق ئىچىدە .

2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى



# ئوچۇق ئىشكنى قانداق ياپىمىز

ئېچىلار قىزىل مەخمەلدەك
قامچىگۈلنىڭ ئىشكى
كەلگەندە كۆكلەم.

كوچا ئىشكى
شاۋقۇن ئىچىدە
كۈندۈزى كىرسەم .

سلاپ ـ سىپاپ ئاچار كېچىدە
ئىشكى مەھكەم ئېتىلگەن تەن .

قانداق ياپاي دەپتەرنى مەن؟
ئىشتانسىز پىكىر چەكسە قەلبىمنى،
قانداق ئويلاي، يۆگەي ھەر مەرتەم؟
سىرسىز، يالىڭاچ كۆرسەم خەلقىمنى .

ئاچتىم ئۇيغۇرغا بىر ئىشكنى مەن
بۇ ئۆزلۈكنىڭ ئىشكى بولسۇن،
ئۆزۈڭدىن باشقىسى تالادا تۇرسۇن .

ياپتىم يۈزۈڭگە بىر ئىشكنى مەن
قايتقىن ئۆزۈڭگە، ئۆز سىرىڭ بولسۇن،
بەش ئەزايىڭ كۆزەتتە تۇرسۇن .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوچۇق ئىشىكنى قانداق ئاچىمىز؟
قەلبىمىز ئوچۇق ئۆي، يېپىش كېرەك.
ھەقىقىي ئۆزلۈككە ماڭغان چاغدا بىز
يالغان ھەقىقەتتىن كېچىش كېرەك .

تاش ئېچىلىدۇ
قۇم بولۇپ،
چېچىلىدۇ،
قۇياش زېمىننى ۋاراقلىغاندا
قۇملۇقنىڭ مەخپىيىتى ئېچىلىدۇ .

تەكلىماكان تارىخىنىڭ بېشى
تىرىك مۇمىيالار تېپىلىدۇ .
كەلگەندە بۇلۇتتەك ئەركىن كىشى
قېشىدا كۆن، بېشىدا ئاق بۆك،
ئىنسانلار سىرلىرى يېپىلىدۇ
ئاسمان ئىشىكى ئېچىلار كۆپكۆك...

2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

# تاۋار كۆرپىدە ياتقان مۈشۈك

ئايلىنىپتۇ ياستۇق بۆشۈككە
خورۇلداپ ئۇخلاۋاتقان مۈشۈككە،
ئۇسسۇل ئوينار كۆرسە چاشقانلار
بۈگۈن بايرام دەپ كىرمەي تۆشۈككە .

گۆشلۈك بېشى ماموۇقا پاتقان،
تىكلەپ پۇتىنى چاقىندا ياتقان،
بۇرۇتىدىن قويرۇقىغىچە
چۈش بولغان، كەچ بولغان، تاڭ ئاتقان .

قوندى گىژىلداپ بۇرنىغا چىۋىن
ئۇخلاۋەردى مىت قىلماي لېكىن،
تارتسام تۈكىدىن بىر قاراپ قويۇپ
كۆز يۇمدى قايتا خۇشياقتىمكىن؟

بىر يەرلىرى ئەرەبتەك ئەمەس
بىر يەرلىرى ئۇيغۇر مۈشۈكتەك،
بىزدەك بىغەم، راھەتپەرەس
بىراق بىز بىر سۇنغان ئاقسۆڭەك .

مەن مۈشۈكنىڭ چۈشىگە كىردىم
ھەم سىلىدىم چاشقاندەك قورقماي
پەنجىسىدىن قۇلىقىغىچە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈشىگە كىردى مۈشۈك چاشقاننىڭ
تاۋار كۆرپىدە تۈكلۈك كىچە،
مۈشۈك ياتار ئىچىدە قاننىڭ .

2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى



# پاپاققا سۆزلەيمەن

گۈلۈم ئۆيدە يوق،
غىربىلىق تۇتتى
بىر غىرىچ قايماق .
يالغۇزلۇقنى ئۇيغۇرچە ئاڭلاپ
چىدىيالماي يىرتىلدى پاپاق .

ئۆزۈمنى چۇۋۇپ چىقتىم
ئەشكەن يىپ تىلىدىن
قات ـ قات جىمجىتلىقنىڭ .
بىر قېتىدا ئىچى قۇرۇق مەن
بىر قېتىدا چىڭقىلغان تەن
بىر قېتى سىنىك تەختىك ئىگەم .

ۋارقىراپ پاپىقىم قاراڭغۇدا:
بولما مۇنداق بوشاڭ، مۇلايىم ،
كۆڭۈل دىگەن موس ـ موس لاتا
قاتتىق بولغىن ئۆزۈڭگە دائىم!

تىكتىم ئۆزۈمنى يېڭى بىر يىپتا
ئادەمگە قاتتىق، ئالەمگە سىپتا،
خەققە ئالتۇن تاج، مەن ساڭا پاپاق
نەرخىمنى قويغۇچى ئۆزۈم تۇرمۇشتا!

www.uyghurkitap.com

يىرتىق پايپاقا مۇشۇنداق دېدىم،
يىپتەك چىگىقلىغان نېرىپلىرىم،
يىرتىلغاندا قەغەزدە كېچە
ھەرپلەردە مەن شېئىر تىكتىم .

2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى



## مەن قايتىپ كەلدىم

قوينۇڭنى ئاچ ۋەتىنىم
غېرىب بالاڭ مەن كەلدىم .
مۇھەببىتىم قاناتتۇر
قۇشلار بىلەن تەڭ كەلدىم .
ئاسمان ئاچتى ئىشكنى
بۇلۇتلاردىن يەرگىچە،
ئاچسام تونۇش زېمىننى
ئاپپاق قارلار بەلگىچە .
يۈزلىرىمنى قىزارتىپ
سۆيۈۋەردى سوغ مېنى
دۆڭكۆۋرۈككە كەلگىچە .

كېچە
رېشاتكىلار كەينىدە
ۋارقىرىدى كىم سەن؟ دەپ
جاۋاب بەردىم تەمتىرەپ:
ئۈرۈمچىنىڭ ماي يوللىرىدىن
ئۆتۈپ چىققان بىر ئاق تېرەك مەن .
قاغىلىقنىڭ لاي قوللىرىدىن
كۆلۈپ چۈشكەن قارا مەدەك مەن ...

يۇلتۇزلار كۈلدى
خوتۇنۇمنىڭ كۆزلىرىدە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاي چىقتى، ئاي تولدى، ئاي توغدى
ئۈچ ئوغلۇمنىڭ سۆزلىرىدە .

قايتتىم سۆزلەپ تۇرغان نۇرتاغدىن،
ئەكس سادا تولغان بىر غاردىن،
ئاكلاۋاتقان چۆل - باياۋاندىن .
قايتتىم ماشىنىلىق
ساھابىلەر پىيادە قىلىپ
ياز تۈگىلىك ماڭغان جايدىن
قەلبىم نۇر ئىچتى خورمىلىق باغدەك
سۇرە قەمەردىكى يېڭى ئايدىن .
قايتتىم ئەجۋەد خورمىسى رەڭلىك،
قايتتىم ئەرەب قەھۋەسى تەملىك ،
قايتتىم ئەجەب كۆزلىرىم نەملىك،
قايتتىم مال يۈكلەپ شېئىر ئورنىغا
يانچۇقتا دوللار، قەلبىمدە كەملىك ...

چېچەكسىز ئەنجۇردىن قايتتىم گۈلدەك
شاخلىرى ياپراقسىز ئوت يۈرەكلەرگە .
قايتتىم ئاشىق كاككۇكتەك ئۈنلەپ
پوتلا چىقارغان كۆك تېرەكلەرگە .
ئەتىگەنلىك بازارنى ئىزدەپ
قايتتىم شاۋقۇنلۇق قىستاڭ شەھەرگە .
باردىم گۈلە - قاق ساتقان ھارۋىدىن
سالام بەرگىلى چار ساقال ئەرگە .
ياغلىقى ئوتتەك جەنۇبلۇق قىزدىن
سېتىۋالغىلى شوخلا، بەرەڭگە .

قايتتىم ئىسسىق كاكچا ئالغىلى
چۆپقەت ناۋايدىن چۆمۈلگەن تەرگە .
بولۇپ تىترەپ تۇرغان بىر شەبنەم

قايتتىم باغچىغا ئەتىرگۈلگە مەن .
باغقا يۈگۈرۈپ چىققان تونۇشۇم
قايتتىم سەن بىلەن چىننىقلى تەك .
قايتتىم كۈندەك كۆيۈپ سەھەرگە
نامازدىگەرگە، شام، خۇپتەنگە ھەم .
قايتتىم ئادەمگە، پەرىشتىلەرگە
قايتىپ كەلدىم كەڭ ھويلامغا مەن .
قوشنام قاھار قانداقراق تۇرمۇش
مۇڭدىششى ھۇزۇر قىرتاق چاي ئىچكەچ .
كاللاڭ ئوچۇق، روھىڭ ئەركىن قۇش
سۆزلە مۇسا بولساڭمۇ كېكەچ .
غۇنچىدەك غەم، خۇدۇك، قورۇنۇش
ئىچىمىزدىن چىقسۇن ئېچىلىپ .
ساراڭلاردەك نامەلۇم قورقۇش
ھاۋا شارىدەك كەتسۇن ئېتىلىپ .

چۈشكۈنلەشكەن ئەي ئاقسۆڭەك ئەر
قەددىڭنى كەر، تىك تۇرۇپ ياشا .
ئاق قۇشقاچمۇ ئۆزى تېپىپ يەر
رىزقىڭنى تاپ يوللار كەڭتاشا .
زېمىنغا يوق ئاجىز - ياۋاشلار،
كۈچلۈكلەرگە مېنىڭ قەسدەم .
قۇرۇپ كەتسۇن يىغلاپ - قاقشاشلار،
ئۆز قىممىتىڭ ئۆزۈڭدە ھەردەم .

ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىن
ئوتتۇز ئىككى ھەرپ ماڭغاندا
ئىزدەپ مېنى تەرەپ - تەرەپكە .
قۇمدەك قايتتىم تەكلىماكانغا
ئايلانماستىن تاش يا ئەرەبكە .
يۇرىكىدىن ئوتلۇق شەرقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەڭگۈلۈك سىر ـ رىتىمنى تاپتىم .
تىرىكتاپىم قايتتى غەربتىن
ئۆلمەس كىتاب بىلەن مۇڭداشتىم .

ئۈمىد ئۈزگەن ياكى جان ئۈزگەن
پەيلاسوپلار قەبرىسى كىتاب .
ئۆزۈڭنى تاپ، ئۆزۈڭگە يۈزلەن!
كەلدى ياڭراق ئاخىرقى خىتاب .

قايتتىم ئەكس سادادەك
كىتابلاردىن ئۆزۈمگە .
ئۆزلۈكۈمنى يېتىلەپ
قايتىپ كەلدىم ئۆيۈمگە .

قايتتىم ئەكس سادادەك
ئۆزلۈكى پاك خەلققە .
ئۆيى خۇددى تالادەك
سىر يوق، سۇنۇق قەلبكە .

ئەي قوي كۆزلۈك ئوقۇرمەن
باقما مۇنداق كۆزۈمگە .
مەن ئاخىرى ھەر يەردىن
قايتتىم شىردەك ئۆزۈمگە .

*   *

ۋەتەن ئۇچۇق ئاسمىنىڭ
كۆك كەپتىرىڭ مەن كەلدىم .
قۇچاق ئاچتى يەر ـ زېمىن
كۆكلەم بىلەن تەڭ كەلدىم .

2010 ـ يىلى 3 ـ ئاي

## مەڭگۈلۈك قەشقەر

چېكىت قويدۇم تۈنگە مەن
يۇپيۇمىلاق كۈن بىلەن
كۆك تىرەكنىڭ كەينىدە،
بىر ئاق بۇلۇت مەلىدە
كونا تاملاردىن ئۈچتى ئېگىزگە
ئەرۋاھلاردەك تەلمۈرۈپ بىزگە .

خوش، توپىدىكى ئاقسۆڭەك
خوش، تامدىكى يىرىق كۆك ئاسمان،
كونا ھايات توزۇسا گۈلدەك
يېڭى ئۆلۈم ئېچىلار ئاسان .

ئۈستى ئوچۇق بىر مۇزېيدا مەن،
يېڭى قەبرە، تىرىك قەبرىستان .
كۆمۈلمەكتە توپا رەڭ شەھەر
كۆرۈۋالاي يۈزۈڭنى ئانام!

ئارقا كوچىلارنى كۆرۈش ئۈچۈن
مايماق ـ سايماق مىسرالىرىمدىن
كىردىم قەشقەرگە لاي ـ پاتقاق دەسسەپ .
ئاخىرقى قەشقەرنى كۆرۈش ئۈچۈن
ھىلال ئاي ھېيتگاھقا چۈشتى پەسلەپ .
مەڭگۈلۈك قەشقەرنى كۆرۈش ئۈچۈن

ئەمالار چۈش كۆرەر، كۆرستەر ئەينەك .
ئەسىر بىلەن شام ئارىسىدا
ئېچىلمىغان غۇنچىدەك بىر قىز
تار يوپكىسىدىن كەتتى تېشىپ .
بىر يىگىت بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ
كىردى مەسچىتكە دۇئادا قولى
كۆز يېشى مارجاندەك چېچىلغان ئۆيى .

ئاشىقلىق ئوتتۇر، ياغماقتا يامغۇر،
ئۆيلەر ئوخشايدۇ بالىياتقۇغا،
بالىخانا ئۆي تۇغدى قازناقتا ،
تۇغۇلغان بىنا قانات قاقماقتا ...

جۇۋاننىڭ بېشىدا كۆيەر ياغلىقى،
ئاق بۇلۇت چاقىرىپ كەتتى بىر ئەرنى،
كۆكلەم پەشتاقتا سۆرەر كۆك چىمنى،
كەپتەرنىڭ يىرتىلغان ماموق كىيىمى،
قەشقەرنىڭ چۈشتىكى قويۇق پۇرىقى،
چىشى چۈشىن قونغان شېرىن يەر،
ئەر كىشىنىڭ يوغان قۇيرۇقى،
تامدىكى چىراي، سۇپىدىكى ئەر
ئۆينىڭ دۇپۇلدەپ سوققان يۈرىكى ...

* *

قەشقەرنىڭ تەمىنى بىلىش ئۈچۈن
بىر چىنىگە لىق لىمون سىقتىم،
قەشقەرنىڭ چىرايىنى كۆرۈش ئۈچۈن
ۋاقىت ئەينىكىدىن يۈگۈرۈپ چىقتىم .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

## ئاي تۇتۇلغان ئاخشىمى

قىزىل دېڭىز شاملى
ماي يولدىن چىقتى غۇر - غۇر،
چىقتى ئاينى كۆتۈرۈپ
لاي ئۆيدىن ئۇچ ئۇيغۇر .
شېئىر چىقتى قەغەزدىن
يۇلتۇزلارنى يۆتىلىپ
ئاي تۇتۇلغان ئاخشىمى .

ئاي تۇتۇلغان ئاخشىمى
ئېكراندىكى كوچىلار
چۇشىمىزگە سوزۇلار .
قوغلىغىنى، قاچقىنى
كىيىم يۆتكەپ ئالغان رول
ساقچى بىلەن ئوغرىلار .

يۇلتۇز ئەما قارىيدەك
ئاي تۇتۇلغان ئاخشىمى،
ئاق ئادەممۇ قاردەك
بىلىپ بولماس ياخشىنى .

ئاي تۇتۇلغان ئاخشىمى
قىزنىڭ كۆكسى قوش مۇشتتەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لاي كوچىغا ئاي تولدى
يىگىت بولدى ھۇۋقۇشتەك .

ئاي تۇتۇلغان ئاخشىمى
ئېرى بىلەن بىر ئايال،
چاي ئىچىشىپ، مۇڭدىشىپ
چايگۇلدەك ئېچىلار .

ئاي تۇتۇلغان ئاخشىمى
ئەزان چىقتى ئۇشتۇمتۇت،
سۈننەت ناماز ئوقۇشقا
مەسچىتلەرگە توپلاندۇق .

ئاي تۇتۇلغان ئاخشىمى
غەربتىكى بىر ئادەم
زەن سالمايدۇ ھاياتقا،
شەرقتىكى بىر ئىشىك
ئوچۇق تۇرار قۇياشقا .

كۈن تۇتۇلغان چاغدىمۇ
مەن قولۇمنى ئۇزارتتىم
ئاي ئۆرلىگەن كىتابقا .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

# پاشا مېنى سۆيۈۋالدى

قىزىلگۈلنىڭ تومۇرىدىن
تېپىۋالدى قېنىمنى
قارا ھىدلاپ تېنىمنى .
قايتىپ گۈلدەك كېچىگە
شامال سىزدىم ئۆيىقۇ ئىچىگە
شامال سىزدىم ئارقىمۇئارقا .

ئىسسىق گۆشمەن
سۆيدى دۈشمەن
قان چىققۇچە شوراپ چىلىك، راسا .

قۇتۇلدى كۆزۈمدىن جادۇ كۆزىدە
ئەجلى توشمىغان چىشى پاشا .

قۇتۇلالمايمەن مەڭگۈلۈكتىن مەن
ئىتتىك ياشاي يا مۇنداق ئاستا .

*　　　*

پاشا مېنى ئويغىتىۋەتتى
پۈرايمەن ھاياجاندا
ئاق قەغەزنى قارا سىياھتا .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

## ماشىنىلىق بىر دەرۋىش

يۈتتۈم بۈگۈننى قىزىل ئالمىدەك،
يىتتىم ئالمىلىق بىغدا يارىنىڭ
قاش ـ كىرپىكلىك سۆزلەرنى قىز دەپ،
بەڭباش قەلەم بولمامسەن تىز! دەپ .

كۈن تام كەينىگە ئۆچۈپ كەتكەن قۇش،
ماشىنام زاۋالدىن ئۆتتى ئىككى رەت
تونۇش شەھەردىن چىقتىم ناتونۇش
ئۆزۈمگە مۇقەددەس تۇيغۇ ئىزدەپ .

تەنھالىق چۆلدەك كەڭ،
تەنھا يولۇچى ماڭا مۇنداق دەر:
ئاددىيلىق بىلەن ئۇلۇغلۇق بىر، تەڭ
مالچى، سودىگەر ھەمدە پەيغەمبەر .

دەرۋىشمەن ماشىنام ماڭار قۇيۇندەك،
ئۈستۈمدە چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار
ئۇلۇغۋار مەقسەتتە تىزغان ئويۇندەك،
مەن ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ھېكمەت تۇيۇلار .

بەزىدە قەلبىمنى ئېتىپ قويۇپ،
بەزىدە ئىشكنى ئېچىپ قويۇپ
سۆزلەرنىڭ تىلك پەلەمپىيىدىن
چىقىۋاتىمەن چۈشمەكچى بولۇپ.

تۈيۈقسىزلا
لامپىسدا ماشىنىنىڭ
تاشلار يورۇپ،
تاش غىربىلىقتا
ئىچىم يورۇپ
كۆرۈپ قالدىم سايەمنى توپ ـ توپ ...

كاستۇم كىيگەن دەرۋىش مەن پېقىر،
توختايمەن بەزىدە ئاسمانغا يېقىن،
مېڭىۋاتقان ماشىنا ئالەم،
خورما دەرىخى توختىغان ئادەم .

2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

## سوغۇق تام

هاۋا ئىسسىق ئىنساندىن
يەر يۈرىكى مەككىدە،
قىش ئۆتمەكتە تۆت تامدىن
تاملار ئاق قار رەڭگىدە .

غىربىلىقنىڭ كەينىدە
مەرمەر شىرە ئالدىن مەن،
سىرلىقلىقنىڭ كەينىدە
جىنىنى كۆردۈم ياندىن مەن .

قولۇمنى جىنغا بەردىم
چېچىمنى تۆن كېچىگە .
كارىۋىتىمغا توشتى قۇم
مەن قۇملۇقنىڭ ئىچىدە .

قار ياغماقتا كىتابتا
مۇزلاپ كەتتى بەدىنىم .
مەن مۇساپىر شۇ تاپتا
يىراق، ئاپپاق ۋەتىنىم .

2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چاڭگا باش دەرەخ

مېڭىپ ھېرىپ قالغاندەك
يول بويىدا توختاپتۇ
بىر تۇپ پاخما باش دەرەخ .
كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ
بىر تاز پاخما باش خوتۇننى ئويلاپ،
تۇل خوتۇن بىر قۇچاق ئوتۇننى ئويلاپ،
دەرەخ سايىسى ئۆزىنى ئويلاپ،
ئاق بۇلۇت مېڭىپتۇ ئاسماننى بويلاپ .

مەن توختاتتىم تۇۋلاپ
شاخلارنىڭ كەينىدىكى
يازدىن قايتقان خىيالنى.
قاناپ تۇرغان خىيالىم
تۇتمغۇچە ئاپتاپنى .
قىزىل ئەمەس قىزىلگۇل
يۇتمغۇچە ئازابنى .

چاڭگا ساقال، سالۋار چاچ
بۇ دەرەخنىڭ دەرۋىشى
تاشلاپ كەتكەن ئورماننى .
كۆكلەمدەك كۆك كەلگۇسى
يات ئەللەردە يۇرىمەن
قۇچۇپ گۇزەل ئارماننى .

www.uyghurkitap.com

دەرەخ ماڭسا يول بارمۇ
يەردە ئەمەس ھاۋادا .
ماڭا سۇنار قول بارمۇ؟
مۆدۈرسەم ناۋادا .

2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى



# چۈن بىلەن ئاداش مەن

مەن قىڭغىيىپ ئولتۇرغان
ئىككى پۇتلۇق ئورۇندۇق .
چۈن بىلەن ئوينايمەن
ئويناشقۇدەك ئادەم يوق .

ئوغلۇم مىنگەن قارا ئات
چىپىپ كەتتى سۇرەتتىن .
تاغ، يېشىل ياز، قارىغاي
چىقىپ كەتتى يۇرەكتىن .

كىيىپ گۈللۈك كېپىشنى
جىملىق كىرەر ئۆيمۇئۆي .
تەشتى سۇكۈت قەلبىمنى
ئەسلىمىلەر چىك - چىك سۆي .

بىر ئاق بۇلۇت دەرەختە
بىر توپ ئۇيغۇر بۇلۇتتا .
ئاق بۇلۇتتەك لەيلەيمەن
كۆك ئاسماندەك يۇرتتا .

خىيال سۇرەر دېرىزە
ئۆي سۆزلەيدۇ ئىچى بوش .
قەلەم يىغلار توختىماي
ئاق قەغەزنىڭ كۆڭلى خۇش .

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

باستى چەكسىز يالغۇزلۇق
سۇغا چۆككەن ئاق تاش مەن .
مۇڭداشقۇدەك ئۈلپەت يوق
چۈن بىلەن ئاداش مەن .

2010 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى



# تۇرغۇنجان قاسساپ

تۆت تام ئۇنى كىلدۇ قاپساپ،
مەرەۋاتقان تۆت بالا پات ـ پات .
ئۆيى بىلەن قوشخانا ئارا
تىپىرلايدۇ تۇرغۇنجان قاسساپ .

تۇرغۇنجاندىن ئەھۋال سورايمەن،
قاندىن ئىسسىق يازنى پۇرايمەن .
قارىياغاچقا ئېسىپ قويۇلغان
يازنىڭ يېشىل تېرىسى دەيمەن .

تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بېسۋالار غەم
ئولتۇرۇپ ئۇندا گۆشگىردە يەيمەن .
قويدەك مېھرىبان كىشىلەر ئارا
ۋالىلدىغان ئىتتىك كۈندۈزدىن
غايىب بولىمەن بارا ـ بارا .

كېچە ـــ مېنىڭ قارامتۇل تېرەم
ئىسسىق تېرىگە كىرىشتىن بۇرۇن،
چوڭقۇر، شىلىمشىق غېرىبلىقتا مەن .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

# قېتىق ئىچكەن ئادەم

ئۇسساپ قېتىق ئىچكەن بىر ئادەم
لەۋلىرىنى باسار دەممۇدەم
جانان چىشىنىڭ مۇزدەك لېۋىگە .

زېرىكىپ قېتىق ئىچكەن ئادەم
زورلاپ ئىچەر قويۇق ھەم ئاپپاق
سوزۇلۇپ تۇرغان چۈش ۋاقتىنى تەك .

قېتىقنى قېتىق دەپ ئىچكەن ئادەم
سېزىدۇ بارمىقنى، بارلىقنى
سۈزىدۇ كۆڭلەرنىڭ قايمىقنى .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

## ئاسماننىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدە

ئاچتىم ئالەمنىڭ كىتابىنى،
قاچتىم بىر ھەرپ ـ بىر ھەرپتىن
مەن كىرىپ قالغان بۇلۇتلاردىن
تەن كىرىپ قالغان تېگى يوق ياردىن .

توۋلايتتى ئۈچىمدىن بىرى
دارغا ئېسىلىپ قالغان ئادەمدەك،
توۋلايتتى قوي دەپ ئۆلگىلى
ياشىغۇچە يالغان ئادەمدەك .

مەن ئىككىگە پارچىلاندىم
بىرى ئاشىق، بىرى گۇناھكار
شائىر شەۋكەتلىك پادىشاھتىن
كەچتىم يار دەپ بولۇپ خارۇزار .

ئېسىلىپ يارنىڭ ئارغامچىسىغا
ئاخىر قۇتۇلۇپ كەتتىم ئۆزۈمدىن،
كەتتىم قۇملۇققا دەرۋىشتەك خۇشال
نەچچە ئەسىرلەپ ھالقىپ ئۆلۈمدىن .

مەن ئەمەس سايىدەك مىليونلاپ ئادەم،
ئاسىيانىڭ قاداق يۈرىكىدە مەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

مەن ئەمەس كاللامدا ئەكس ئەتكەن،
ئالەمنىڭ پارلاق ئەينىكىدە سەن .

ئۇيغۇر يەردە ئەمەس، بۇ يەردە ئەمەس
ئاسماننىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدە .
بىلسەڭ ئاللانىڭ ئاشىقى دە،
بىلمىسەڭ، دۇنيانىڭ جەننىتىدە .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

# كۆكباش قوناقنىڭ ساقىلىغا يامىشىپ

كۆز قوينىدا سۈتباش قوناق
شامالدا ساقىلى يەلپۈندۇ .
سايەمنىڭ سايىسىدا سۈتلۈك ئايال
ساقاللىرىمغا تەلپۈندۇ .

يارسىز كېسىپ ئۆتتۈم كۆز پەسلىنى
سەپىرىمنىڭ ئاخىرى باركەن .
يېشىل كىيىمدە سۈتلۈك تېنى
قوناقنىڭ بىر تۇتام ساقىلى باركەن .

ئۆستۈڭلار كۆككە تەلپۈنۈپ-ھامان
ئىنسان يەرگە سۆرەر، ئاسمانغا ئەمەس،
ئۆستۈڭلار چەكسىزلىك يېشىل ئاسمان
دوزاخ پەستىكى بىردەملىك ھەۋەس .

مەن سۆزلەرگە قىزغۇچ رەڭ بېرىپ
سۈت قوناقنى ساقاللىق سىزدىم .
قوناقتىكى تىرناق ئىزىدىن
ھەي، بۇ كۆزمۇ تۈگەپتۇ دېدىم .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بىر قۇرتقا مەرسىيە

يېتىپتۇ تۇگۈلۈپ
بارلىقى ئىچىدە
يوقلۇقى كۈلۈپ .

مەرمەردە يۇمشاق كېتىشىپتىپ
روبىرو ئۇچراپ قاپتۇ مەڭگۈلۈك
شۇندىن بېرى قاپتۇ ئۆلۈپ .

خەت ئۆمىلەپ چىقتى قەغەزگە
قەغەزدە سوزۇلۇپ ياتقان شېئىر
ئۆلۈك قۇرتقا يازغان مەرسىيە .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

## ئامېرىكىغا قانداق بارىمەن

بۇ مېنىڭ تۇنجى سەپىرىم
ۋاشىنگتونغا
شېئىرىي يول بىلەن .
ئامېرىكا ئوخشار سۈيۈق بېتونغا
قۇرساق، پۇرساق، تۇتساق قول بىلەن .

قول ئۈزارتتىم كۆرۈشكىلى مەن
ۋولت ۋىيتمان[1] قارلىق بىر كاشتان،
مېنىڭ قولۇم كاشتان رەڭگىدە .
دېڭىز بويىدا لاڭستون[2] بىلەن
پۇرىدىم سۇنى قارامتۇل، تىرەن
بىر شېئىر يازدۇق قۇم تەمدە تەڭ .
شېئىر ئاقسارايغا يۈگۈرگەندە
كۆردۇم قارا پىرېزىدېنتنى مەن
جىددىيلەشكەن ساقچىلار كۈندە .

سەپەر تەييارلىقىم پۈتتى بىر - بىرلەپ
ئامېرىكچە ئەركىنلىكنى
يېشىل ئەخلەت دەپ .
ئامېرىكچە ئەخلەتنى

---

① ۋولت ۋىيتمان (1819 — 1892) — ئامېرىكا ئەركىن شېئىر شەكلىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى .
② لاڭستون (1902 — 1967) — ئامېرىكىلىق مەشھۇر قارا تەنلىك شائىر .

www.uyghurkitap.com

يالتىراق خالتىغا قاچىلاپ يەپ .
ئايرودرۇمغا سوقۇنۇۋالغان
ئاشۇ تېررورچى ئەبلەخلەرگە مەن
ئۇيغۇرچە سۆكۈت قىلىشىم كېرەك
بەختەرلىكىم ئۈچۈن ھەر نۆۋەت .
نيۇيوركتىكى دەرەخلەرگە ھەم
كىلىمات ھەققىدە ساتىمەن گەپ
ئىنگلىز تىلىدا بۈيۈك كېكەچلەپ .

شېئىر ئىچىدە كېتىۋاتىمەن
سۆزلەر پەلەمپەي بىر ـ بىرىدىن تار ،
شېئىر تېشىدا يامغۇر ياغماقتا
قولۇمدا كۆنلۈك يوق ، قەلەملا بار .

ئاستىمدا قەغەز ، كۆك ئاسمان ئۈستۈم
ئۈچۈش ئالدىدا يات تىلغا بۆگۈن
ئايروپىلان شوتىسىدىن سىيرىلىپ چۈشتۈم
بۇ مېنىڭ بۇرۇنقى ئامېرىكا چۈشۈم .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

# ئىسىم كارتىسى

بۇ مېنىڭ مەن ئەمەس قەغەزلىكىم،
بۇ مېنىڭ تۆت چاسا، رەڭلىك مەنلىكىم .
مەن يوققا ھېساب كارتام بولمىسا
ئۆزۈم كەينىدە ئۇنى تەڭلىدىم .

فەھەد ئەپەندى
كارتىسىنى ئالدى ئالدىرىماي .

مەن ئەمدى مەۋجۇتلۇقنىڭ مەندە ئەمەس
ئۆزگىدىلىكىگە ئىشەندۈرەي .
ئۆزىنى ئەمەس ئاينى كۆرسەتكەن
خورما دەرىخىدەك چۈشەندۈرەي .

مەن بىلەن كارتىنىڭ مۇناسىۋىتى،
ئادەمنىڭ سىمۋولغا موھتاجلىقى .
ئالەمنىڭ سۇ ياكى تاشلىقى،
تاشنىڭ كەبىدىكى قۇياشلىقى .

بەرگەن رىتىم بارچە ھەرىكەتكە
قۇياشنىڭ كەينىدىكى باشلىقى ...

ئىسىم كارتام تۆگىدى،
ئەرەبنىڭ قولىدا
ئالەمنىڭ خېتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەزرائىل قولىدا ئىسىم كارتام،
ئالدىنئالا خەۋەر قىلماي
فاكس ياكى ئېلخەتمۇ قىلماي
كېلىپلا ئالار بارچە ۋاقتىمنى .

نام كارتامنى ئۆزارتتىم ئاستا
ئۆزارتتى ماڭا فەھەد ئەپەندى .
ئۇيغۇر تىلىدا شائىرمەن كاتتا
ئەرەب تىلىدا ماي سودىگىرى .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

# خورما يېغى

1

ساپ ھەسەلدەك سۈيۈق، سۈپسۈزۈك
مەن مەككىدىن ئېلىپ قايتقاندا،
خورما رەڭ جۇۋان، بىر موللام مۇشۇك
بوسۇغامغا كېلىپ قايتقاندا .
بەرىكەتلىك تائامدىن لەززەتلىك بىر كۈچ
بەدەنگە ۋەسۋەسە سېلىپ قايتقاندا
ۋەتەنگە كەلگىنى خورما دەرىخى
شىشىدە يېغى، ياپرىقى جاندا ...

2

خورما ياپرىقى سۆزلەر ئەرەبچە
قىزىل دېڭىزدىن چىققان شامالدا،
پاكلانغان قەلب نۇرلانغان خەلق
تەۋەررۇك زېمىندىن كەلگەن سۇ مايدا .

3

مېنىڭ غېرىبلىقىم ئاستا، ئاۋازلىق
بىر تۇپ خورما يىغلاۋاتقاندا،
مېنىڭ سۈكۈتۈم قويۇق ۋە مايلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پولۇ قازاندا دەم يەۋاتقاندا،
مېنىڭ كېسىلىم بىر ۋە كۆپ شاخلىق
تومۇردا قان لايدەك قاتقاندا،
خورما يېغى ساپ، خولېستېرىنسىز
ھەزىم بولۇپ تېز ئايلىنار قاندا .

قايتتى دوستۇم قولى ماي يۇقى
خوتۇنغا ئېلىپ سوۋغاتلىق .
قويدى قاچىنى تولۇن ئاي يۇقى
ئاش تاتلىقمۇ ياكى قول تاتلىق؟

داستىخان ئەمدى يىغىلدۇ تېز
كۆزدە تېپىشماق، لەۋلەردە شادلىق .
خورما دەرىخى يۇر قايتايلى بىز
مايلىق بۇ ئاخشام بىزگە ئۇياتلىق .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى



## بىر ھەرپلىك ئائىلە

بۇ يەمەنلىك ئاغىنە
ئىسمى فەھەد
دادىسى قويغان،
خوتۇنىنىڭ ئىسمىنى قويغان
قىزىلگۈلدۇر نەمخۇش ئاۋازدا،
قىزىل دىڭىزغا چۈشكەندە كۆك نۇر
ئىسمىنىڭ بېشى «ف» ئاخىرى غوۋا .

دادىسىنى تارتقان باش ھەرپى
ئالتە ئىسمىنىڭ كىرپىكلىرىدىن
بۇلاقتەك كۆزلەر ئېچىلدى بىردىن،
لاپپىدە چاقناپ ئەرەب تىلىدىن .

ئەرەب پولۇسى يەۋاتقان مەن،
فەھەد بولسا بىر كاپام يېمەي
ئىنگلىز تىلىدا تۇراتتى ساقلاپ .

بىر توپ ئىسمىنى ساقلىغان ھەرپ،
بىر ھەرپكە ئەگەشكەن ئەرەب .
بىر توپ خورما كۆرسەتكەن ئاي
ئاسماندىكى بىز كەلگەن تەرەپ .

ئەلف، لام، مىم
ئالەمنى ئاچتى كىم؟

بىر ھەرپ ـ بىر ھەرپتىن .
بىر سۆز لاپپىدە ئاچتى كۆزىنى
ئادەم، دېگەن بىر سۆزدۇر ھەركىم .

بىر ئادەم كىتابنى ئاچتى
يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ .
قولىمىزدا ئالەم كىتابى
بىز ئوقۇيمىز ئەيمىنىپ، قورقۇپ .

بىر تىنىق، بىر يۇلتۇز، بىر قاپىيە بىز
بارلىقىمىز ئىلاھىي رىتىم .
رىتىم بۇزۇلغان كۈنى ھالاك بىز
يەر شارى لاۋۇلداپ كۆيگەن پېتىم .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

# ئوغلۇمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايمەن

كۆندۈزدىكى قۇياش بولساڭمۇ
سىرىڭ بولسۇن كېچىدە ئوغلۇم .
بۇلدۇقلاپ ئېچىلگەچكە پاتماي تۇرساڭمۇ
بول پىچەتلىك شىشىدە ئوغلۇم .

قالماس سېنىڭ بىرمۇ غۇنچەڭ
ئېچىلسا سىرىڭ جاراھەتتەك،
تېرىسى يوق قىزىل لوق گۆشسەن
تىلىڭ ھەر دەم ئۆزۈڭگە دۈشمەن .

ئەيىبىڭنى ئېيتمىغىن تاشقا
يىقىلغاندا تېگەر ئۇ باشقا .
مۆڭگۈزۈم بار دەپ ئېيتساڭ قۇدۇققا
قۇدۇق ئېيتىپ قويار قومۇشقا .

مەخپىيىتىڭنى دەپ بەرسەڭ قۇشقا
تۇغدۇرۇۋېتەر تۇغقاندەك تۇخۇم .
سىرىڭ بولسا باردۇر خەزىنەڭ،
تىل دەرۋازا چىڭ ساقلا ئوغلۇم .

ئوغلۇمنىڭ قۇلىقىغا شامال كىردى،
مېنىڭ ئاغزىمغا قىزىل ياقۇت .
ئادەمنىڭ جېنى چىقار ئاغزىدىن
ئۆلۈكنىمۇ بەرمەي ساقلار بۇت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇشتۇمتۇت
تىلىمنى قاغا چوقۇۋالدى
ساقلىدىم سۆزلەرنى ئىچىمگە يۇتۇپ،
ئەقىللىك ئوقۇرمەن ئوقۇۋالدى .

2010 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى



# بىر تال چاچ

ياستۇقۇمدا بىر تال چاچ
ئېزىپ كەتتىم ئوقۇغاچ .
تۇن كېچىدىن چىقماقتا
چاچنىڭ رەڭگى قاتمۇقات .

ئۇزاق - ئۇزاق سۆزلەيدۇ
چاچنىڭ تىلى سۇكۇنات .
كېچەم سېنى كۆرمەيدۇ
مېنىڭ قەلبىم توكۇر ئات .

بىر تال چاچنى پۇرايمەن
تونۇش گۈلدەك قىلىدۇ .
هاياتىمنى پۇرايمەن
قاپقارا هىد كېلىدۇ .

چاچتەك تال - تال خىيالىم
يار بويىغا ئېسىلغان .
يار چېچىنى دار دېدىم
مەن شۇ دارغا ئېسىلغان .

بىر تال چاچنى سۆرەيمەن
تۈندىن - تۈنگە چىقالماي .

ئۇيغۇر تىلى دەرىزەم
توساتتىنلا چىقتى ئاي .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى





www.uyghurkitap.com

## ئەرەب يېزىسىنى سىزدىم ئۈچ سائەت

تاغ بېشىدا ئاق بۇلۇت،
تاغ تېشىدا ئۆچكەن ئوت .
تاغ تېشىدا ئىككى ئۆچكە
مەن بىلەن ئايلاندى ئۆچكە .

ئادەم توپىدىن ئاپىرىدە بولغان،
بۇ يەردىكى توپا ئەرەبمۇ؟
بىر توپ ئۇيغۇر ئاسماننى تۇتقان،
بىز توپىمۇ شامالدا ئۇچقان؟

مەن ئېگىزدە،
پەس ھويلىدا ـــ
چىمدەك ئەركىن كىشىلەر،
ئايال مەڭگۈ بىر چىشلەم
بۇندا بىر ئەر تۆت چىشلەر .

سائەت بىردە ماي يولنى سىزدىم،
ئاق رەڭگە قايتماس ماشىنام تېزدىن .
سائەت ئىككىدە سىزدىم پېشىننى،
ناماز ۋاقتى ئاز قالغان بىزدىن .
ئۈچ سائەت سىزدىم تىمتاس يېزىنى
مەڭگۈلۈك چۈشمەكتە پەسكە ئېگىزدىن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر گۈل ئاز قاپتۇ دەرۋازىڭغا
سىزدىم ئۇنى قىزىل سۆز بىلەن .
ئوت يالقۇنى كىردى يېزىڭغا،
سىزىپ چىقتىم قارا كۆز بىلەن .

2010 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى



## ماي سودىگەرى سۆزلەيدۇ ئاينى

ئايلاندىم غېرىبلىقتا
قوڭغۇر رەڭ سۇيۇقلۇقتا،
يېزىلمىغان خورما مېيى دەپ .

ئاي خەت يازدى يوقلۇقتا
تىجارەتچى ساتىدۇ يوقنى
كۆك ئاسماندا بولسىمۇ ئىزدەپ .

ئاي نۇرىنىڭ بارماقلىرىدا
خەت يازدىم قاراڭغۇلۇقتا
ئاي ئاللانىڭ ئېيى دەپ .

2010 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ماشنامغا خوش دېدىم

قاناتلىق ئىدىم
يوللارنىڭ ئاسمىنىدا،
ماشىنامغا خوش دېدىم،
ماشىنامغا خوش دېدىم
ماشىنا بازىرىدا
ئاخىرقى قېتىم .

خۇداغا ئامانەت تۈمۈر ئېتىم،
خۇددى بىر ئادەم يالغۇز قالغاندەك
خۇددى بىر مىللەت قالغاندەك يېتىم
سۆكۈلدى چېكىدىن يۈرەك قېتىم .

ساراڭلاردەك ئالدىرىسام مەن
ئەسەبىي بىر ماشىنا بىلەن
كوچىدىلا سۆيۈشۈپ كەتكەن
ئاغزى مايماق قېلىن ماشىنام .
باللىرىم شەربەت ئىچكەندە
شەربەت ئىچىپ سىرىق، ھال رەڭدە
شالتاق بولۇپ كېلىڭ ماشىنام .
مېڭىشى سىلىق سۇدا ماڭغاندەك
يېيىشى بىلىق مېنىڭ ماشىنام .

تۇنۇگۇنگىچە
ئۇنى ساتمايتتىم ،
مەن بىر سۇنغان ئاقسۆڭەك
ئۇ ۋاپادار ئاخىرقى دېدەك،
ئاخىر ئۇنى سېتىۋېتەي دەپ
قول بازىرىغا كەلدىم يېتىلەپ .

دېدەك مارجان ئاسسا
كىرمىگەن ئۆيى قالماس .
قول مىنسە ئاتقا
چىقمىغان دۆڭى قالماس .

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

مىنگىلى قويدۇم تېگى ياتقا
قول ئوخشايدۇ، بېگى قالماپتۇ .
مېنىڭ ئاقپىشماق تۆمۈر توقۇلۇم .
مېنىڭ كوچىدىكى ئارتۇق خۇدۇكۇم ،
مېنىڭ كېچىدىكى يېنىك ئازابىم،
مېنىڭ كۆتۈرۈشلۈك كۈچلۈك ئۇيغۇرۇم
ئۇزاق يوللاردا ھەمراھىم دەيتتىم،
سۆزلەيتتىم جىم - جىم ئاڭلاپ بېرەتتىڭ .

بىر تال ئەتىرگۈلنى
ماشىنامغا بەردىم،
ئۇزۇپ ئۇيغۇرچە خۇشبۇي سۆزلەردىن .
ئاندىن ئۆيۈمگە پىيادە كەلدىم،
قۇتۇلغاندىمەن يامان كۆزلەردىن .

ماشىنام ئاق رەڭلىك ئىدى
ئاق ئىدى گۇگۇم چۈشكۈچە .

ئەتىسى گۈگۈم چۈشكۈچە،
ئۆيدىن چىقىشنى ئويلاپمۇ باقماي
ئويلىدىم مېھرىم چۈشكەن تۆمۈرنى .
تۈزچىنىڭ ئىشكىدەك مىڭىش خۇشياقماي
ئۆيدە ئۆتكۈزدۈم بىر كۈن ئۆمرۈمنى .

ئۆمرۈم مېنىڭ گۈزەل بىر رومان
بىلمەيمەن نەچچە بېتى قالغان؟
بىلمەن مەككىدىكى ئاي كوچىدا
كۆڭلۈم ۋاراقلىرى ــ خېتى قالغان .

* *

ماشىنامنى خەققە ساتقاندا
ئۇنىڭ ئىسمى ئىدى «كوروللا»
دېڭىز بويلاپ ئۆيگە قايتقاندا
سۇنىڭ ئىسمى ئاق چۈش يەنىلا .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى



# مېنىڭ ئۆتۈكۈم

ئوقۇۋاتىمەن يالاڭ ئاياغ
پەلسەپە كىتابنى
باشتىن ـ ئاياغ،
قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىر
كۆتۈپخانا باشقۇرغۇچىسى
ئوقۇغاندەك ئېگىلىپ بېشى .

ئىشكنى چەكتى بىرى
ئاچسام سۆكۈت،
ياپسام بىر كىشى،
مېڭىش ـ تۇرۇشلىرى سىر كىشى .

بەزى كۈنبويى ئۆيۈمدىن چىقماي
باي بولۇشنى خىيال قىلىمەن .
ئايىغىم ۋاللىدىغان ئالتۇن دىنار
بىلەن لىق تولۇشنى خىيال قىلىمەن .

ئۇشتۇمتۇت مۇنداق قارار قىلىمەن:
قوڭالتاقلارنىڭ ھەقىقىتىنى
تېپىۋېتىپ بار كۈچۈم بىلەن
تالادىن ئالتۇن كەش كىيىپ كېلىمەن ...
پۇتۇمنىڭ چوشىدە

ئۇچىدۇ بۇلۇتلاردا
ماڭىدۇ سۇ ئۇستىدە
مېنىڭ ئۆتۈكۈم .

ئۆتۈكۈم يۇلتۇزلۇق كۆكۈمدىن چىقسا
پۇت بارماقلىرىم چاقناپ كېتىدۇ .
ئۆتۈكۈم چاڭ – توزان، تاش – قۇمدىن چىقسا
پۇتلىرىم يىغلاپ، قاقشاپ كېتىدۇ .
پەپىلەپ، ئەپلەپ چوڭقۇر چىڭ تىقسا
ئۆتۈك پۇتۇمنى ماختاپ كېتىدۇ ...

يۇملاق كېتىۋاتىمەن
ئاسماندا
بىر پۇتۇم بىلەن،
ئىسمىم قۇياش .


يالاڭ ئاياغ كېتىۋاتىمەن
سۇ ئاستىدا
مېنىڭ ئىسمىم تاش .

مايماق كېتىۋاتىمەن
بۇلاقبېشى كوچىسىدا
مەن ئىشسىز ياش .

پۇتسىز كېتىۋاتىمەن
مازاردىن بازارغا
مەن ئىگىسىز غېرىب كەش .

تەپتىم ئازابنى،
تەپتىم بىر قاپنى
بازارنى پىيادە كېسىپ ئۆتكەچ .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى



## تېلېفوندا ياشاش

ھاپاش قىلدىم ئۈچ ئوغلۇمنى مەن
تېلېفوندىن دۇمبەمگە ئېلىپ .
باغاشلىدىم يىراقتىن ۋەتەن
سېنى تۇتقۇم، پۇرىغۇم كېلىپ .

تۇرۇپكىغا ياقىمەن قۇلاق،
بىر ئاۋاز بار شىلدىرلار بۇلاق .
بىر ئاۋاز بار خۇش پۇراق چاچقان
شۇ ئاۋازدا ياشايمەن ئۇزاق .

كىتىرلايدۇ چاشقانلار بىردەم
جىمجىتلىقنى تۇتۇپ، تېتىپ يەپ .
خەۋەر قىلدىم چاشقانلارغا ھەم
ياخشى كۆرىمەن سىلەرنىمۇ دەپ .

تېلېفوندىن تارتسام قولۇڭنى
ئالقىنىمغا چۈشسەڭ ئالمدەك .
ئاق بۇلۇتلار ئاچتى يولۇڭنى
مەن ھاۋادا تۇرىمەن لەيلەپ .

بۇ كۈنلىرىم سۈكۈت قوينىدا
جىرىڭلايدۇ تېلېفون پات ـ پات .

مەن چەت ئەلدە دېڭىز بويىدا
دولقۇنلىغان ئاۋازىڭ ئاپپاق .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قىزىل دېڭىزدىكى گۇگۇم

گۇگۇم ــــ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىدا
دەسسەپ گويا ئاپپاق دولقۇنغا
كېتىۋاتقان چۈمبەللىك ئايال .

دېڭىز بىلەن ئەر ئوخشاش مۇنداقتۇر:
بېسىلمايدىغان چوڭقۇر ھاياجان
مەڭگۈلۈك چەك، بىر تېمىم ئىنسان .

ئىنسان بىلەن بېلىق مۇنداقتۇر:
قۇرۇقلۇققا چىققان بىر بېلىق
سۇدا ياشاۋاتقان بىر ئادەم .

غېرىبچىلسام گۇگۇمنى
بىر غېرىبچقا يەتمەيدۇ .
غۇلاچلىسام ئۆمرۈمنى
بىر ئۆلۈمۇم يەتمەيدۇ .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

# خۇددى قۇشتەك بىر ئادەم

قانات قاقتى ئىچىدىن —
خۇددى قۇشتەك بىر كىشى،
سۇغا قونسا قونار جىم
سۈزۈك سۇدەك تۇرمۇشى .

قۇشتەك يېنىك بىر ئادەم
قانات قاقتى كارىۋاتتا،
يالغۇز قالغان مەن، ئالەم
يوقتەكلا تەن ھاياتتا .

كوچىلاردا، ئۆيدە
قۇشتەك ئۇچقان بىر ئادەم .
ئاسمان يېقىن ئۆگزىدە
ساقلار يورۇق سىر ئادەم .

بەدەن سىرلىق دەرەخكەن
بىر قۇش ئۇنىڭ ئۆزىدە .
ئۇچۇپ يۈرگەن بىر قۇشمەن
ياراتقۇچى كۆزىدە .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

# ئاي كوچا

سەن ماڭغاندا ھىجرەتكە
قايسى ئىشىك، قاي كوچا؟
مەن ماڭغاندا ھەرەمگە
بۇ مىسفەلە لاي كوچا .
كىرسەم سۈرە قەمەرگە
بىر ئۇچىدا ئاي كوچا .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى



# ساھىلدىكى يالتىراق خالتىغا مەدھىيە

كۆك سۇنى بىر كەچكۈم كېلىپ
دېڭىز بويىدا
تۇرغىنىمدا ئاياغ سېلىپ،
نەدىندۇر بىر يالتىراق خالتا
ئۈچۈپ چۈشتى ئالدىمغا كېلىپ .
رەھمەت دېدىم خالتىنى ئېلىپ
ئايىغىمنى قويدۇم سېلىپ .

ئالەم تەڭگەش خور ئېچىدە
ئادەم، قۇياش ھەممە نەرسە،
كۆك يالتىراق ئۈچۈپ كەلدى
كۆكتىن بىر سۆز چۈشۈپ يەرگە .

دىلدىكىنى بىلىپ تۇرار
پەرمانبەردار ئاڭا شامال،
ھەر نەرسىدىن كۆردۈم سېنى
دىلدىن ياخشى كۆردۈم سېنى،
مەدھىيەلەيمەن شامالنى مەن
ھەم شامالنىڭ ئىگىسىنى .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

## غەربچە تاماقنى شەرقچە يېيىش

غەربتە تاماق يېيىلمەيدۇ
قورساقنى بىر ۋاق توقلاش ئۈچۈن .
بەلكى ئىستېتىك زوقلىنىدۇ
رەڭگى، شەكلى، تەم ـ پۇرىقىدىن .

مەن زامانىنىڭ بىر مۇساپىرى
ئورتا شەرقتە يۇرگەن لەپەڭلەپ .
ئۈيقۇم قاچسا ئوقۇيمەن قۇرئان
قورساق ئاچسا توخۇ كاۋاپ يەپ .

ئۈيغۇرچە لەڭمەن يىگۈم بار بۇگۈن
مۇھەببەتلىك جان ساقلاش ئۈچۈن .
سالات بۇيرۇدۇم چۈشلۈك تاماققا
قورساقنى غەربچە ئالداش ئۈچۈن .

بىر چاي قايىنمى ۋاقتتىن كېيىن
كەلدى ئالدىمغا ئاي شارىدىن
پۇچۇق تەخسىدە ئالما سالات .

دەز كەتكەن تەخسە يىرىم تەخسە
نازۇ نېمەت بىلەن تولسىمۇ،
كەمتۈك گۈزەل بىز ئەتكەن نەرسە
ئاي مۇكەممەل يىرىم بولسىمۇ .

مېنىڭ كۆڭلۈم بولسىمۇ يېرىم
پۈتۈن يارالغان ئادەممەن لېكىن .
غەربچە ئالما سالات يەۋېتىپ
هىلال ئايدەك ئۆتتۈم كېسىپ
يۇرتۇمنىڭ ئالمىلىق باغلىرىدىن .

2010 - يىلى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى



www.uyghurkitap.com

## يالغۇزلۇقتا تەڭكەش مۇزىكا

كارىۋات يوغان ئىسكرىپكا،
تۈكلىرىم بېسىلغان نازۇك تار .
تۈن مۇزىكا تارقىلار ئاستا،
ئالەم مېنى چالغان تەنها يار .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى



# تۆت تامنىڭ ئاۋازى

1

تۆت تارلىق بۇ سازنىڭ ئاۋازى
ئاجراتماقتا تېنىمنى ئاستا .
روھىم ئاپپاق پەرۋاز قىلماقتا
لاي قەپەستىن تۆت چاسا .

2

داقا ـ دۇمباق چالمايلا
تۆت تەرەپتىن قىستاپ كەلگەن ياۋ ،
بۇ ئۆزۈكسىز بىر قورشاۋ
بۇ ھەم چېكىنىش شەھەر ئالمايلا .

3

تۆت ئادەمنىڭ جەستى
ئاق كېپەنگە ئورالغان
ئاندىن ئۆي دەپ ئىسمى قويۇلغان .
مەن بىر ئۆلۈك، بۇغداي ئۆڭلۈك
ياتقان، قوپقان، ئولتۇرغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**4**

تۆت تەرىپىمدە
تۆت بۇرجەك مەخلۇق
چۈشۈۋالدىم كارىۋاتتىن قورقۇپ .
نەدە سەن ئەي ئۈچ بۇرجەك ئايال
قۇيرۇقۇمنى ئۈزۈۋەت چوقۇپ .

**5**

ئۆي ئەمدى بىر ئاچ قالغان بۆركۆت
ئۇن چىقارماي يېمەكتە مېنى .
ئۇنلۇك ئاۋازدا ئوقۇپ تۆت سۆكۆت
خۇدانىڭ ئەسرى دېمەكتە مېنى .

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

# ئاسمانغا كىرىپ قالدىم

قۇش پېيىدەك يەڭگىل مەن،
مەن شېئىردىكى ئادەم .
ئاسمانغا كىرىپ قالدىم
بىر سۆزگە كىرىش بىلەن .

مەن ئۆزۈمنى يوق دېسەم
يوقلار كېلەر يوقلىشىپ .
مەن بىر قورام تاش دېسەم
كەتتىم بۇلدۇقلاپ تېشىپ .

ئەي گۈل مېنى پۇرىۋال
مەن ئاجايىپ خۇش پۇراق .
مەن مۇزنىكا قۇلاق سال
شامالدىكى يوپۇرماق .

دۇنيا ماڭا شۇ تاپتا
قىپيالىڭاچ ئايالنى
يۆگەپ تۇرغان يوپۇرماق،
بىر دالدىغا قاچمەن .

دۇنيا ماڭا شۇ تاپتا
ئەمالار يېزىقىدا

يېزىلغان بىر توم كىتاب
ھاياجاندا ئاچىمەن.

لەيلەپ قالدىم قەغەزدەك
خەتسىز ئاپپاق بوشلۇقتا،
ئۇچتۇم ئاندىن كەپتەردەك
زاھىتلاردەك خۇشلۇقتا .

ۋاراقلار مېنى ئەگەم
ۋاراقلىرىم ئۇچماقتا .
سۈكۈت ئۇيغۇر ئوقۇرمەن
قۇيرۇقۇمنى تۇتماقتا .

*　*

سۆزلەرنىڭ شوتىسىدىن
ئاسمانغا چىقىپ قالدىم .

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى



## سالام ئېتىزدىكى پەيلاسوپلار

ئىنگلىز تىلىدا ئازابلىنىمەن
باسقاندا مېنى كىتاب بىلەن غەم .
پەيلاسوپ كېلەر قولىدا ئورغاق
ئۇيغۇر تىلىدا بۇغداي دېسەم مەن .

سالام ئېتىزدىكى پەيلاسوپلار
نەچچە مىڭ يىللىق ئەسىرنىڭلار .
پەلسەپىدىن قوچۇلدى كاللام
كەتمىدى لېكىن تەسىرنىڭلار .

ھەرىكەت ئۇلۇغ دەپ توۋلار سوقرات
ئافىنا كوچىسىدا كېتىۋېتىپ .
ھەرىكەت سىلەرنىڭ تەلىماتىڭلار
ئويلايمەن لوم ـ لومدە ئېزىلىپ يېتىپ .

سۇ دەپ شېئىر يازدىم ھاياجان بىلەن
سۇنى خىمىك دوستۇم قىلار تەجرىبە .
سىلەر ئېتىزغا سۇ باشلىغاندا
سۇ بىزگە سوغۇق، ناتونۇش نەرسە .

مەۋجۇتلۇق مەۋجۇتمۇ ياكى يوقتۇر
كۆزئەينەكلىك دوكتور ئويلار تېخىچە .

www.uyghurkitap.com

شاپاق دوپپىلىق پەيلاسوپ بولسا
گۈس ـ گۈس دەسسەپ ماڭدى مەسچىتكە .

دەيمەن غەرىبنىڭ مەن بىر شاتۈتى
سىلەر توپ پادا ئۆزلۈكسىز، «مەن» سىز .
قولۇم سىياھ، كۆزۈم ياش يۇقى
مەنە ئىزدەيمەن، ھايات مەنىسىز .

شاپاق دوپپىلىق پەيلاسوپلار خوش
سىلەر يوقلۇقتا لېكىن دائىم خۇش .
پەلسەپە ئېقىمىمىز باشقا ـ باشقا
مەقسىتىمىز بىر — ياشىسۇن تۇرمۇش!

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى



## قوللىرىمنىڭ قوللىرى

مەن چىراغنى ياقاي دەپ
قوللىرىمنى كۆتۈرسەم
زۇلمەت ئاققان ئېرىقكەن .
قوللىرىمنىڭ بارمىقى
ئۆزۈپ يۈرگەن بېلىقكەن .
مەن قولۇمغا ئېسىلسام
قولۇم مەندىن غېرىبكەن .

قول كۆتۈرسەم دۇئاغا
قوللىرىمنىڭ سۆكۈتى
ئاڭلانماقتا خۇداغا .

يار قولنى كۆتۈردى
مېنىڭ تېنىم شاخلىدى .
يارنىڭ تېنى مېۋىلىك
ئەگسەم نازۇك شاخلىرى .

قولسىز قارا كېچىدە
بارماقلىرىڭ چاراقلار .
سەن قۇياشنىڭ ئىچىدە
تىرناقلىرىڭ ھىلال ئاي .

كەلدى نورۇز ئاخشىمى
مەن قولۇمنى كۆتۈرسەم
بارماقلىرى باھارنىڭ
چىمدۇر ئۇنۇپ كۆكەرگەن .
كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشتى
كىمدۇر ئۇنى ئەكەلگەن؟
سىزدى بىر يىل قۇياشنى
قىلىپ توغرا، دۇپدۇگىلەك .
يەتتە تەتۈر چۆرگۈلەپ
قوللىرىمنى كۆتۈردۈم
مەن كەبىنى سائەت دەپ .

ئايال قارا ھىجاپلىق
تۈندەك يۆگەر تېنىنى .
ئەر كىيگەن ئاق ئىھراملىق
كۈندۈز — يېپسىز ئىشتىنى .
سائەت توشۇپ بارماقتا
ئىستىرېلكا ئىنسانلار
بىز ئەكسىگە ئىتتىرىپ
ئايلاندۇق كۈن تېشىنى .

سەن كۈننى كۆرسەتتىڭ
توشۇپ سەۋر - تاقىتىڭ .
مەن ئاينى كۆرسەتتىم
توشمىدى ئاي سائىتىم .

قوللار قولغا ئېچىلىپ
يەر قۇياشقا ئاز قالغان .

قۇياش دورار بىز قىلىپ
يەر شارى ئوت ياز قالغان .

مەن قولۇمنى تۇتىمەن
خۇددى روزا تۇتقاندەك .
تىزگىنى يوق سانسىز تەن
قۇياش ئاينى يۇتقاندەك .

بەش مىيىتقا بەش ناماز
بەش كۆمۈلگەن ئىنسانلار .
يەر شارى بىر قەبرىستان
قەبرە تېشى ھىلال ئاي .

مەن قولۇمنى كۆتۈردۈم
ئاي كۆتۈردى قولى يوق .
قۇياش سائەت بۇزۇلسا
يەردە ھايات يولى يوق .

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى



## يەر بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدىكى تەڭپۇڭلۇق

بۇركۇت ئىبادەت قىلىدۇ كۆكتە
ئىككى قانىتى ئېچىلغان ھالدا،
ئۇچماقتىمەن زېمىن ئۈستىدە
ئىككى قولۇمنى ئېچىپ دۇئاغا .

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى



# ماروژنى يەۋاتقان زاهت

ئىپتار قىلدىم هاۋا بەك ئىسسىق
بىر ماروژنى يېيىش ئىبادەت .
ئىككىنچىسى رەڭلىك، قايماقلىق
يېيىش — ئازدۇرغۇچى ئىجادىيەت .
ئۈچىنچى ماروژنى يېيىش مەن ئۈچۈن
زىيىنىغا قىلغان تىجارەت .

2010 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابلىرى
www.uyghurkitap.com

# سۆزنىڭ پوستى يېرىلدى

ئانار كىمگە بېرىلدى
ئالدىم كۆزنىڭ قولىدىن .
سۆزنىڭ پوستى يېرىلدى
پىشقان ئۇيغۇر تىلىدىن .

تۆت پەسىلسىز دەرەخ بىز ،
شىرىن بولغاچ مېۋىمىز
شۇ ئاداققى كۆنگىچە
چەكلىۋەتكەن ئىگىمىز .

چىقار چاغدا جەننەتتىن
ئانار تېنىڭ يېرىلدى ،
نېمەت قىلىپ بېرىلدى
يىتكەن مەنە تىلىمغا .

مېنىڭ تىلىم باغلانغان
سېھىردىن كەڭ مەنىگە ،
مېنىڭ قولۇم باغلانغان
كىرىش ئۈچۈن شېئىردىن
ئىنسانىيەت قەلبىگە .

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

## قۇش سۆزلەيدۇ

قۇش سۆزلەيدۇ بىلمەيسەن،
مېنىڭ تىلىم شۇ ئىدى .
باشپاناھلىق تىلەيسەن
پۈتۈن زېمىن سۇ ئىدى .

ئۇچۇپ كەلدىم تىلىمدا
زەيتۇن شېخى كۆتۈرۈپ .
بىر خۇش خەۋەر دىلىمدا
زېمىن قايتا كۆكۈرۈپ .

بىز بەيتۇللا ئالدىدا
ئۇچۇپ يۈرگەن كەپتەرلەر .
دان تاشلاڭلار ئالدىمغا
ھەر تەرەپتىن كەلگەنلەر ...

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەھۇدىي بىلەن سۆزلەشتىم

خۇدا بىلەن سۆزلەشتى
دىلى ئۆلۈپ تىرىلدى .
ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم
تىلى ئۆلۈپ تىرىلدى .

كۈن تاش بىلەن يۇزلەشتىم
مېنىڭ دىلىم قارايماس .
تۇتۇش ئۇچۇن نۇرنى چىك
نۇرغۇن تىلدىن ئۆزلەشتىم
مېنىڭ تىلىم يوقالماس .

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

# بىلىق يېيىشتىن قورقمەن

ئادەم چىققان بىھشتىن
ئويلانمايلا يېيىشتىن،
بىلىق سۇدىن چىقدۇ،
قورقتۇم بىلىق يېيىشتىن.

توپان تېشىپ چىققاندا
نوھ كېمىگە چىققاندا
تەقۋادارنى تونۇيدۇ
سۇ ھەر دۆڭگە چىققاندا.

تونۇمايلا يەپ سالسام
قانداق بىلىق دەپ قالسام،
قورقتۇم بىلىق يېيىشتىن
كۆزلىرىگە سەپسالسام.

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

# ئاسمان ئىزدەۋاتقان ئادەم

— مەرھۇم ئۇستازىم ئابدۇللا ئوسمانغا

ئاخىرقى قار يوللىرىمدا
ئاپرېل كېلىپلا ئېرىپ كەتتى،
تۇرۇپكا تۇتقان قوللىرىمدا
دۇنيا بىردەمدە قېرىپ كەتتى.

بىر ئادەم كۆك ئاسمانىنى ئىزدەپ
مۇنبەردىن يەرگە كىرىپ كەتتى.
ئاسمان ئابدۇللا ئوسمانىنى ئىزدەپ
پەسكە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى.

ئاھ، مەن كىمنى ئىزدەرمەن ئەمدى
قارا قاغىدەك بارسام ئۇ يەرگە.
قورۇم تاغلىرى قارا باغلىدى
باغرىدا قارىغايدەك يىقىلغان ئەرگە.

تەجەللى بۇندىن كەتكەندىن كېيىن
كەلگەن بۇ شەپكىلىك ئالىم ۋە شائىر.
تىرىك نەسرىدىن ئىدى بۇ قېتىم
كۆتۈرەلمەپتۇ چاقچاق ئەزرائىل.

تېلېفوندىن بىر تال قىزىلگۈل
لەيلەپ چۈشتى باھار پەسلىگە.

غۇنچىلىدى ھەسرەتتىن كۆڭۈل
ئۇ يەتتى مەڭگۈلۈك يار ۋەسلىگە .

2010 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دېڭىزدىكى بالىلار

بىر توپ بالا دېڭىزدا
ئويىنار سەكرەپ، ئەركىلەپ .
ئۇلار دېدى: ئويناپمىز
بالاڭ جىقمۇ ئەكەل دەپ .

دېڭىزدىكى بالىلار
بار ئۇلارنىڭ بارمىقى،
بار ئۇلارنىڭ قۇلىقى،
بار كۆزى ۋە قارىقى .
پىلتىڭلىشار چېچى نەم
بار چېچىنىڭ پۇرىقى .
سۇ ئىچىدە خاتىرجەم
سوقار چوڭقۇر يۈرىكى .

بالىمىز بار بىزنىڭمۇ
دېڭىزدىكى يۇلتۇزدەك .
يوق ئۇلارنىڭ بارمىقى
يوق كۆز، قۇلاق، قارىقى
يوق چاچلىرى قۇندۇزدەك،
ئۇلار يىغلار قىرقىراپ
بىز ئۆلۈكلەر قوتقۇز، دەپ .

بىز ئۇلارنى بىرەر رەت
ئالغان ئەمەس قۇچاققا .
بىزمۇ بىر كۈن ئۆلىمىز
ئايلىنىمىز تۇپراققا .

ئەرۋاھلارغا ئەگىشىپ
مەن ئاسماندىن چۈشكەندە
ئاق بولۇتتەك باللار
زېمىندىكى چۈشكەن ـ دە؟

2006 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇساپىر

مەككە شەھرىدە
بىر ئۇيغۇر
ئېسىلىپ تۇرىدۇ
ئاسمان قەرىدە،
چىقالماي ياكى چۈشەلمەي يەرگە.
يەنە بىر ئۇيغۇر قايتتى مەھشەرگە
قۇلىقىغىچە چۆمۈلۈپ تەرگە.

قاناتسىز ئايال
پالاقلار
ئېگىلگەن خورما شېخىدا .
پاناھسىز بىر ئەر
منا تېغىدا
ئۆز يۈزىنى خۇرجۇنغا سېلىپ
خۇرجۇندىن يۇرتىنىڭ مېلىنى ئېلىپ
ساتىدۇ قورققانچە ئالدىغا يىپىپ .

يەنە بىر بوۋاي
ئۇيغۇر تىلىنى ھاسا قىلغانچە
ئادەملەر ئارا تېنەپ يۈرمەكتە .

بىر ئىت سايەمنى تالاۋاتىدۇ
بىر شېئىر ئىچىمدىن چىقتى ئېتىلىپ .
بىر ئاۋاز ئىچىمدە ياڭراۋاتىدۇ
تۇرىمەن ئادەمسىز يولدا قىستىلىپ .

دۇئا قىلىمەن ئېزىلىپ ئۇزاق
قىلىمەن بۇ كۆيۈك تاغلاردەك سۈكۈت .
ئۇيغۇر تىلىدا ئۇچقان قۇرغۇي مەن
ئەي ئىگەم كەينىمدە دەرەخمۇ، بۈركۈت ؟

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تاغ كەينىدە بىنالار

تاغ كەينىدە رەت ـ رەت ئىمارەت
تاغلار ئىشىك ئاچقان ئەرەبكە .
شامال مېنىڭ قولۇمدىن سۆرەپ
ئېلىپ ماڭار ۋەتەن تەرەپكە .

مەن ۋەتەننى سۆيدۇم شامالدا
باشقا يەردە يوق بىزگە دالدا ،
كۆيۈك ناندەك پۇرىدىم ئۇزاق
يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلگەن هالدا .

يامغۇر توختاپ كىردى هال رەڭگە ،
خىياللىرىم قىزغۇچ مىس رەڭگە .
يات ئەللەردە بولدۇم مۇساپىر
قاراملىقنى يۈكلەپ زىممەمگە .

تاغ كەينىدە بىنالار چەكسىز
بىنالاردا سۈكۈت ۋە هەرىكەت .
تاغ كەينىدە بىر كۈچ بار شەكسىز
قىل تەۋەككۇل هەرىكەتتە بەرىكەت!

2006 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

## دوپپا

ئېچىلغاندا ئاسمان ئېشكى
چىقىپ كېلەر نۇرلۇق بىر كىشى
قۇياش ئۇنىڭ دوپپىسى .

ئېچىلغاندا قىزىلگۈل شاختا
يېشىل بۆكلۈك غۇنچىسى
كۆلۈمسىرەر خۇش پۇراق، ئاستا .

يۈرگىنىمدە يات ئەلدە، تاشتا
كۆز ئالدىمغا كەلدى ئۇيغۇرۇم
مېھرى ئىسسىق دوپپىسى باشتا .

گۈل گۈل ئەمەس
ۋاقىت كۆل ئەمەس
كۆزۈمدە ۋەتەن .

نۇر ۋە توپا ئۆرلىگەن خوتەن
يول - يوللاردا ئاقار كىشىلەر،
ياغلىق چىگكەن ھەمدە بۆك كىيگەن .
قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرىدا
دوپپا تىكىپ، گۈل چېكىپ ساتقان
ئۆرۈم چاچلىق دوپپىلىق قىزلار .
يەنە جىق - جىق تونۇش شەھەرلەر
كىرپىكىمدە ئېرىدى تېزلا ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاھ، بىر ئۆمۈر دوپپا تىككەن قول
بوش ساڭگىلاپ تۇرار تاۋۇتتىن .
ئۆرۈلمەكتە ئۆپكىسى يەرنىڭ
ئۆرلىمەكتە ئىسلار زاۋۇتتىن
نۇسخىسى بىر، بىر رەڭ، بىر قېلىپ
مىڭلاپ دوپپا چىقار تىكىلىپ .

قالمىغاندا ئىشنىڭ مەنىسى
قالمىغاندا ئاشنىڭ مەززىسى
قالمىغاندا بىر بۇيۇك كىشى
مەن ئىزدەيمەن ئۆز دوپپىمىزنى
دەيمەن قېنى دوپپىدا بىشى؟

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى



## قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا

قارام شوپۇر ھەيدەر غۇيۇلداپ
قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا جان .
ئۆلۈم بىر لەھزە قويدى قورۇقداپ
توختاپ قالدى قۇيقۇرۇق كاللام .

خوتۇنۇم چىرقىرار
چاق ھاۋادا پىرقىرار
خورما دەرىخى يەرگە يىقىلار ،
ئىككى قۇشقاچ ئوغۇللىرىمىز
دېرىزىدىن قانات چىقىرار .
ئىككى ماشىنا ئارىسىدا بىز ،
ئىككى دۇنيا سالدى تەڭلا ئىز ،
كۆزىمىزنى ئاچقاندا قايتا
شۈكۈر ، ئەزرائىل كېتىپ قاپتۇ تېز .

2006 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تاۋۇزگۈل

ماي يول بويىدا
كۆك گۈل يېنىدا
قالدى ئېچىلىپ
مۇساپىرچىلىق ...

ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتاتتىم
كۆز ئالدىمدا كۆپكۆك باللىق
سۆسۈن رەڭدە خىيالغا پاتتىم .

تاۋۇزگۈل
گۈل ئىدى بىر سۆسۈن رەڭدىكى
تىكىنى يوق، ياپرىقى يوغان .
كىم بولغاي بۇ تىكەنسىز ئىنسان؟
گەجگىسىدىن بېسىلىپ تۇرغان ...

بىز دۇنيانىڭ مۇساپىرلىرى
نەگە بېرىپ ياشايلى نەدە؟
بىر خۇدانىڭ رەڭدار گۈللىرى
زېمىندىكى ھەر يەر ـ ھەر يەردە .

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

# ئۈچ يۈزلۈك ئادەم

بىرىنچى يۈزى ئاپتاپپەرەس
ئېچىلىپ تۇرغان
ئالتۇن بار يەردە .

ئىككىنچىسى تۈكلۈك، قارا يۈز
ئىتنىڭ، مۈشۈكنىڭ، يولۋاسنىڭ،
ئادەملىكى بىر نىقاب ـ پەردە .

ئۈچىنچى يۈزنى ئاچساڭ ئەگەردە
يىغلاپ ئولتۇرغان يۈزسىز سودىگەر —
ئۆلۈكنى چىلىك قۇچاقلاپ،
ئۆزى بەك بۇرۇن بولغاچقا ۋاپات ...

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

## تۆگە سۈتى جىلغىسى

بارا ـ بارا
تاغلار ئارا
سۈس يېشىللىق ۋە قېنىق ھەۋەس .

بەدەۋى ئەمەس
پادىچى ئەرەب
سىغىپ بەردى تۆگە سۈتىنى
كۆيدۈرمەكتە قىزىق ئىچمىنى .

ئېدىر ئاپتاپ ئىچمەكتە
چېدىر شامال ئىچمەكتە .
خىيال ئۆچتى يىراقتا
يىراقلار قان ئىچمەكتە .

پېتىۋاتقان كۈننىڭ شولىسى،
قېتىۋاتقان قان ۋە ھاياجان،
كېتىۋاتقان سايىلەر توپى،
سايىمۇ سەن، ئەي، غاپىل ئىنسان .
بىردىن ـ بىردىن ئىچەرمىز ئۆلۈم
بىر ساقىيمىز قۇيىدۇ پىنھان .

جىلغا سۇسلاپ، قاراڭغۇ قۇتراپ
يۇلتۇزلارغا توشتى تۆت ئەتراپ .

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى



## قەغەز يۇزلۇك بىر ئادەم

ئاي دىگەن سۆز قۇدۇقتا
قىز دىگەن سۆز يورۇقتا
دولقۇنلىنار چايلىقلار .
قەغەز يۇزلۇك بىر ئادەم
ھەپىلەشسە سۆز بىلەن
كۈي ـ مۇزىكا تارقىلار .

ئەينەك دىگەن سۆز سۇزۇك
مەن ئۇنىڭغا قارىسام
كۆرۈندۇ بىر ئۆلۈك
تالاشقىلى جىنىمنى .

ئۆلۈم دىگەن قانداق سۆز؟
مەن مۇشۇكنىڭ تۈكىنى
سىلاۋاتقان ۋاقىتتا
غايىب بولدى قوللىرىم .

ھايات دىگەن قانداق سۆز؟
كېتىۋاتسام تۇيۇقسىز
غايىب بولدى يوللىرىم .

سۆزدىكى سۆز ئىچىدە
مەسچىتلەرنىڭ ئىچىدە
ئادەم دىگەن سۆز ئەمەس .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوق كۆرۈندى قەلبىمدە
كۆرگەن نەرسە كۆز ئەمەس .

مەن ئۆلگەندە، كۆمگەندە
ئەبەدىيلىك باشلىنار .
شېئىرلىرىم ئۆلگەندە
قەغەز يىرتىپ تاشلىنار .

قەغەز يۈزلۈك بىر ئادەم .

2007 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

# مەغرىب چېيى

تۆتتى ئەرەب مەغرىب چېيى دەپ
بىر يۇتۇمدىن ئۇتلىدىم يۈۋلەپ .

قىزىق،
قىرتاق،
قان رەڭلىك،

بىر ئىستاكان ۋەتىنىم
تەشنالىقىم بېسىلار ئەمەس .

شېكەر قوشۇلغان تاڭسۇق غىرىبلىق
مەشرىق شائىرى ئەيلىدى ھەۋەس .
مەن مەغرىبنى غەربقۇ دېسەم
ئەرەبچە مەنىسى ماراكەش ئىكەن .

قۇياشى ئاستىدا ئافرىقىنىڭ
يېشىل تۆكلۈك كىچىك بىر دۆلەت
ئەركىن، ئىسسىق ئالماقتا نەپەس،
(كۆن مەغرىبكە پاتقاندىن كېيىن
فرانسۇزلار ئىگىلەپ بىرپەس) .

ئىچكەچ ماڭدىم ماشىنا ھەيدەپ
پاھ، خۇمارلىق مەغرىب چېيى دەپ .

بىر ئىستاكان ۋەتىنىم
ئۇسسۇزلۇقۇم ھېچ قانار ئەمەس .

2007 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## پارچە ـ پۇرات

1

قاش قارايغان چاغ ئىدى،
بىر قوڭغۇز ماڭدى
گۇگۇم رەڭگىدە .
تېپىلدى
قۇم رەڭگىدە .
ئويلاندى جىم
تېزەك رەڭگىدە .
جان ئۈزدى كېيىن
ئاستا ـ ئاستا
چېچەك رەڭگىدە،
تۆت پۇتنى ئاسمانغا قىلىپ .

2

پۇتلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ
شائىر ئىسمىم ئۆلدى يات يەردە،
ئۈستىدىكى كۆك ئاسمان كىمنىڭ؟
ئاستىدىكى تاش ـ تۇپراق كىمنىڭ؟
گاچا قىزدەك شېئىرلىرىمنىڭ .

3

سىنىڭ قولۇڭ خېمىردا،
مېنىڭ قولۇم نېمىشقا
پارچىلىماس كۆنلەرنى راۋرۇس؟
تاقىتىڭدىن پىشتى تاۋۇز،
ئارزۇيۇڭدىن پىشتى ئاسمان
تۆگكىنىڭ چۆچۈرىمۇ، يۇلتۇز؟
كەل قۇشناچىم، تەڭ يەيلى
ھېچكىم دەردىنى يېمەيدۇ يالغۇز .
مەن چايقالغان مەيىن بىر دولقۇن
سەن سۇدىكى خۇش پۇراق يالپۇز .

4

قوڭغۇزلارمۇ، يۇلتۇزلار؟

ھېچكىم بىزگە بەرمىدى ۋەدە .
زەڭگەر رەڭلىك بىر مىللەت
مەۋجۇت بولدى نېمە دەپ؟
زەڭگەر ئاسمان يوقالغان يەردە ...

5

سۈت تۆكۈلدى شىرەگە،
ئاي شولىسى شەھەرگە،
كارىۋات مايماق، ئاي نۇرى مايماق .
چىنىدىكى سۈت بولسا ئايال
قايماق تۇتار كېچىدە ئاپپاق ...

2007 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

## يېڭىمى سۇ، يېڭىمى يالقۇن

ئوتتەك كارىۋاتتا
چىلىق قۇچاقلاپ
ياز ئاخشىمىنى
ياتىمەن يالغۇز .

يېڭىمى سۇ، يېڭىمى يالقۇن
قىچقىرىدۇ كۆڭلىرىمنى قۇم .

ئايدەك تولۇپ
ئىچىمدىكى تەنھالىق
شولا تارتىپ چىقتى گۇگۇمدا
كۆيۈۋاتقان قىزىل دېڭىزغا .

خورمىلاردەك قايتتىم ئەگىشىپ
چۆمۈلگە، خورما رەڭ قىزغا .

بولۇپ ئورمان مەۋجۇتلۇق بارلىق
چىرماشقاندا يىلتىز ـ يىلتىزغا،
قانداق چوڭقۇر، زۇلمەتلىك سىرلار
ئايلاندۇردى مېنى يىلپىزغا؟

هارارەتلىك ئۇتتۇرا شەرق
سەن زېمىننىڭ بالىياتقۇسى،
ئوت ئىچىگە بولارمۇ غەرق
سەندىن چىققان ئادەمنىڭ پۇشتى؟

روجەكلەر ئۆچكەن، تۇن ئېچىلغان كەڭ
چۆشتۇم كارىۋاتتىن
شارقىراتما مەن .

خوتۇنۇم چاقىرار، ئېرىپ تامچىلار
ئالقىنىدا قىپقىزىل ۋەتەن .

2007 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

## ئايرودۇرۇمدا ئون سائەت توختاش

يول قۇيرۇقۇمنى چشلەۋاتقاندا
قول بىر قولنى يانغا تارتقاندا
بىر ئادەم ئۇشتۇمتۇت ئەينەك شەھەردە
چىرايى ۋەجدىن غەمگە پاتقاندا
توختىدىم،
ھېكايە توقۇشتىن
شېئىردەك تۇرمۇشتا .

بىر سايە ھاۋادا لەيلەپ تۇراتتى،
بىر قوۋم كىملىكنى ئىزدەۋاتاتتى،
بىر قورقۇنچ تېزلەۋاتاتتى ...
تاغدەك دۆۋىلەنگەن ماللار ئارا
قىزىل ياقۇت ياقۇت ئەمەس، تاش .

ياشاش ئادەمگە ئېغىر كەلمەيدۇ
ئېغىر كېلىدۇ ئون سائەت توختاش .

توختىدىم ئاسماننىڭ پارچىسى بىلەن
يەرگە چۈشۈپ سۇنغاندا ئاسمان.
ھاۋادا ياشىدىم لەيلەپ ئون سائەت
ئادەملەر چۈمۈلە كۆزنەكتىن باقسام .

توختىدىم پارس گىلىمى بىلەن
گۈللىرى ئېچىلغان پارس شاھىنىڭ
مىڭ يىل بۇرۇنقى ھەرەم بېغىدا .

توختىدىم
ئۆلۈكلەرگە پۈتۈلىشىپ بەلكىم
شېھىتلەر سايىدا تاشقا ئايلانغان
تاشلار مەرمەرگە، تاش پەلەمپەيگە .

توختىدىم ۋاقىتنىڭ كەينى يۈزىدە
ئاياللار پىل چىشىدىن ياسالغان،
بوۋاقلار ئۆلۈك ياكى يالغان .
ئەرلەر ئىشتاننى يېشىپ ئەسەبىي
ئاستا يېغىلگەن يا سۇيۇقلانغان .

روھىم سۇدەك ئاقسىمۇ گەرچە
توختاپ
تاش تىلىدا بەردىم چۈشەنچە .
نان دېگەن نېمە؟ ۋەھىمە نېمە؟
بىلمەس ھېچبىرى بىلمەي ئۆيغۇرچە .

توختىدىم يۇملاق
ئايرودۇرۇمنىڭ شەكلى مۇشۇنداق .
مەلۇم گېئومېتىرىيەلىك شەكىل بىلەن
ئويلانغاندا يا قۇرغاندا بىز
ئالەم پۈتۈپ بولغان چەكسىز، نۇقسانسىز
ئادەم كۆلۈپ تۇرغان قاشلىق، كىرپىكلىك
بىراق بىز بۇلارنى ئالمايمىز ئىلىك .

ئاسماندىن چۈشتۈم
گۈگۈم قاچتى، تۆكلۈك قۇيرۇقى .

تۈكلۈك قۇيرۇقلۇق قوپسام كارىۋاتتىن
پېقىر ئۇن سائەت توختىغان يەردە
تۈن تامچىلىرى، سەپەر ھاردۇقى .



# قانات

ياز ئۇچقاندا يەر بويلاپ
يەلپۈنلىگەن قانىتى
يېشىل ياپراق گۈل ـ گىياھ .

ئۇچۇپ كەلدى قارلىغاچ
دەسلەپ بۇلۇت، ئاندىن سۇ .

قارلىغاچنىڭ قانىتى
قارا بۇلۇت ئەمەسقۇ؟

ئۇچۇق تۇرغان قەغەزدىن
كۆتۈرۈلگەن قانىتىم
ماھۇق، گۈزەل قانىتىم
ئۇيغۇر تىلى ئەمەسمۇ؟

كۆز يەتكۈسىز زېمىندا
خۇدا يازغان بىر مىسرا
پالاقلىدىم بىردىنلا .

يامغۇر كىمنىڭ قانىتى؟
چاقماق چاقار ئورماندا .

2007 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

## بىنادىكى قوشنىلار

يۈزلىرىمىز كۆرگەن بىر كىتاب
ئۆيلىرىمىز ئەنقا ئۇۋىسى .
تۈن يېرىمدا روجەكنى ئاچسام
سالام قىلدى ئاي،
ئاي يېقىن قوشنام .

2007 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى



## قەغەز يۈزلۈك بىر كىشى

ئاي دېگەن سۆز بولاقتا،
ئايال سۆزى قولاقتا،
مۇزىكىدەك ئاڭلىنار .
قەغەز يۈزلۈك بىر ئادەم
ھەپىلىشىپ سۆز بىلەن
كۆك سىياھتەك تارقىلار .

ئەينەك دېگەن سۆز سۆزۈك
مەن ئۇنىڭغا قارىسام
كۆرۈندۇ بىر نىقاب
تالاشقىلى يۈزۈمنى .

ئۇيغۇر دېگەن قۇمدەك سۆز
قۇم ئاستىدا شەھەرلەر
قارىچۇقسىز قارا كۆز،
دەريالاردا ئاقىدۇ
سۇيۇقلانغان ئەركەكلەر ...

يۇمۇۋالدىم كۆزۈمنى .

ئۆلۈم دېگەن تىرىك سۆز .

مەن قۇياشنىڭ تۇكىنى
سىلاۋاتقان ۋاقىتتا،
مەن سايەمنىڭ ئۆمرىنى
سەرلەۋاتقان ۋاقىتتا ...

بىز سۆزلەرنىڭ ئىچىدە .

سەن توپىنى خەلقىم دە،
ئادەم توپا، سۆز ئەمەس .
يوق كۆرۈندى قەلبىمدە
كۆرگەن نەرسە كۆز ئەمەس .

سىياھ بىلەن بويالغان
قەغەز يۈزلۈك بىر كىشى،
بۇ شېئىرنى يازماقتا
بۇ ئۆزىنى يىرتىشى .

2007 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

## ئىسسىق قار

قايتىپ كەلسەم سوغۇق خىيالدىن
ياز ئۆتمەكتە ئىشىكتىن، تامدىن،
ئاپتاپ چەكسىز غېرىبلىق نۇرى .
قوينۇمدىكى ئاپپاق، ئىسسىق قار
بوينۇمدىكى ۋەتەننىڭ قولى .

تەلمۈرمەن بىر ئوت يۈرەكتە،
تونۇش يوللار چۈشۈمگە كىرىپ .
ئۆتمۈش چاقناپ تۇرار روجەكتە
دەرەختىكى يۇلتۇزدەك يېنىپ .

يەنە كەلدىم يات كوچىلارغا
يەنە قايتتىم ھەسرەتتىن ئېرىپ .
يەنە كەلدىم بىپايان يازغا
ياشلىق ئېتى ئاستىلاپ، ھېرىپ .

ئاپپاق، ئىسسىق قارغا كۆمۈلدۈم
چىققىنىمدا ئاپپاق خىيالدىن .
ئۆيئىچىدە سۈكۈت قىلمەن
ئەكس سادا قايتماقتا تامدىن .

2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكلى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يېرىم ئاسمان

غىزالاندۇق
دېڭىز بويىدا .

توخۇ سۆڭىكى،
غەم پارچىلىرى،
چۈشتىن كېيىن .

دەرەختىن كېيىن،
يېرىم ئاسمان .

ئاسماندىن كېيىن
يېرىم ئادەم ...

2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

# مېڭىش

ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئارقا كوچىدا
ئوغلۇم ئوغلاقتەك قەدەم تاشلاپ
يايلىقىمىزغا ماڭدى باشلاپ .

بىر مۈشۈك بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ
چىڭقىچۇش ئىچىگە كىردى دەسلەپ
قۇيرۇقى چۈشتىن كېيىنكى پەسلەپ .

قېرى بىر تۈپ خورما دەرىخى
بوغۇم ـ بوغۇم مېڭىپ بىر ئۆمۈر
كونا تام تۈۋىدە قاپتۇ توختاپ .

ماڭماقتىمىز بىرنەچچە ئەۋلاد،
ۋاقىتنىڭ ئاستىدا، قۇمنىڭ ئۈستىدە
ئاينىڭ ئەگىم تىغى ئۈستىدە .

چەت ئەلدىكى بىر شەھەردە مەن
شامالدەك ئەگرى ـ بۈگرى كېتىۋاتىمەن،
ئانام توغراقتەك كۆرەر چۈشىدە .

2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىغلىش
www.uyghurkitap.com

## گۈل بىلەن توختاش

ياشاۋاتىمەن ئەرەب چۆلىدە
بىر نەچچە تال گۈل بىلەن .

گۈلنىڭ گۈلى پىنھانە ئىكەن .

ئۈنىنىڭ گۈلى — ئەزان ئاۋازى،
كۈنىنىڭ گۈلى — شەبنەمسىز شامال .
يول ئوتتۇرىدا ئېچىلغان گۈلنىڭ
ئىسمى قارا كىيىملىك ئايال .

ماشىنامنى توختاتتىم،
توساتتىن ئېچىلغان بىر تال گۈل ئۈچۈن .

2007 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

## سىيدام سىزما

پىرئەۋن سول قولىنى كۆتۈرگەندە
بوۋاقلار قورساقتىن چۈشۈپ كېتەر
بىلىقلار تۇنجۇقۇپ قالدۇ سۇدا .
چاقماقتەك تارقىلدۇ چىن ئەقدە
يامغۇردەك تەبەسسۇم قىلىدۇ خۇدا .

مەككىدە
ياشاۋاتسام دەككە ـ دۇككىدە،
كۆزۈمگە لۆممىدە ياش كەلدى
كەلدى ۋەتەندىن ھاجىلار يەنە
ئېلىپ ئۇيغۇرنىڭ پۇرىقىنى؛
ئېتىز ـ باغلارنىڭ، تونۇش تاغلارنىڭ
شامىلىنى، تەق ـ تۇرقىنى .

بىر بوۋاي
تاشلاپ يۈزىگە قورۇقىنى
تاشلاپ گۈگۈمغا غەم يورۇقىنى
ھەرەمدىكى تاش پەلەمپەيدە
توقاچ ناندىن يېمەكتە ئۇۋاپ .
ئاندىن يۈزىنى كەبىگە سۇۋاپ
يىغلىدى يىغلىغان كەبى بىر بوۋاق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىغلىدى گوياكى قاقشال بىر توغراق
كۆك قىرلاردىن شامالنى پۇراپ ...

بىر ئۇيغۇر بوۋاي
خورما تۈۋىدە
بېشىدا ئەمەس دىلىدا تاجى،
يىللار پويىزدەك ئۆتەر تاراقلاپ
ئۇنىڭغا نە چارە، نېمە ئىلاجى؟

مەككە تاغلىرى
سۆزلەۋاتقاندا
چال يۆلەنگەن خورما دەرىخى
قولىنى ئۇزارتتى بىر تال يۇلتۇزغا .

2007 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

## مەن بۈگۈن ئاشپەز

بىلىمدە پەرتۇق، قولۇمدا چۆمۈچ
قۇيدۇم قازانغا سۆيگۈ بىلەن ماي .
ئوغۇللىرىم بىلەن ئولتۇرغاچ
مېھمانخانىدا كۈلۈپ بىزنىڭ ئاي .

بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى .

بۈگۈن سۇنىڭ ئاۋازى يۇمشاق
ئاش ئەتكىلى ئاچسام تۇرۇبنى
سۆيگۈ ئوقچۇپ چىقتى جۈمەكتىن .
ياخشى كۆرۈپ قالدىم مەن ئۇنى
ياخشى كۆرۈپ قالدىم بۆلەكتىن .

ئۆزگەرمەيدۇ مېھرىمىز رەڭگى
مەن شوخلىغا ئاشۇنداق دېدىم .
ئۇنىڭ تەمى ھاياتنىڭ تەمى
مەن تۇزغىمۇ مۇشۇنداق دېدىم .
پىياز، سامساق، مۇچنى توغرىغاچ
كۆزلىرىم ياش، مەن ئامراق دېدىم .

مۇھەببەتنىڭ سازى قولۇمدا
چېلىۋاتىمەن شوخ، تىنىم تاپماي .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇسسۇل ئۇينار قازاندا چۆمۈچ
شۇنچە يېگى، شۇنچە كالانپاي .

ناخشا ئېيتار چىنە ـ تەخسىلەر
قانداق يۇياي مەن ئۇنى چاقماي؟

بىراق بۈگۈن خۇشال ئاشپەزمەن
مېھمانخانىدىن چىقتى بىزنىڭ ئاي .

2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى



# گۈل تېرىدىم ئېچىڭگە

— «تارىخى رەشىدي»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى ئوقۇپ

قولۇم كوچىلارغا ئۇرۇلماقتا
خالتا كوچىلاردىن چىقىپ كېتىپ،
كەلدىم بىر جۇملىنىڭ ئاخىرىغا
پۇتۇم جەسەتلەرگە پۇتلاشماقتا
ئېتىم قولمۇقا قالدى پېتىپ .

بىر ئادەم مىڭ پاتمان غەمگە پېتىپ
ھەرپلەر ئوردىسىغا كەلدى يېتىپ،
بىر خەلق چېچىلغان تۇن ئاسمىنىغا
كىم قويسۇن مەڭگۈلۈك يولنى كۆرسىتىپ؟

ئابدۇرەشىدخان،
يېزىلمىغان ئاق بەتتىن چىقىپ
ئولتۇردى ۋە ئۆلتۈردى شۇ ئان .
ئېقىپ تۇرىدۇ سۆكۈت بىلەن قان
تېڭىلغان ئاغزىدىن شورلۇق يەرلەرنىڭ ...
«تارىخى رەشىدي»نى مانا مەن يازغان!
ۋارقىرار ئەرۋاھى مىرزا ھەيدەرنىڭ،
كوچىلىرىدا قولمۇق شەھەرنىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قار كەشمر تېغىدا،
يار — ئاق يۈزى دەپتەرىڭ،
ۋاراقلاپ ئېچىپ نازۇك بىر قاتلاپ
تېگىگە يەتكىلى بولسۇن قانداقمۇ
جان بىلەن يازغان ئىسسىق خەتلەرىڭ؟
قۇرلىرىڭ ئارا قارىغۇمەن ئازغان،
قۇللىرىڭ مۇخەممەس ئىلاھىم يازغان!

يىرتىق تۈرىدۇ ئالدى - كەينى تەك
كەينى كۆپ چېكىت، ئالدى زۇلمەت رەڭ
تارىخ ئىچىدە ئۇرماقتىمەن لەك .

دۇنيا چۆل بولدى بىر بەتنى ئاچسام
چۆل ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ
گۈل تېرىدىم ئىچىگە ئاخشام .

2008 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى



# مۇساپىرنىڭ كۆڭلى

1

كۆڭلەر شىرەدەك ئېتىلىپ كېلىپ
پارچە ـ پارچە قىلىپ يېمەكتە
ياشلىقىمنى ئەرەب چۆلىدە .

2

كېتىۋاتىمەن غۇيۇلداپ
رادىيودىن يامغۇرنى ئاڭلاپ،
بىر قولۇمدا ماشىنا رولى،
بىر قولۇمدا قەغەز ئىستاكان
ئۆرلەر ئىسسىق قەھۋەنىڭ ھورى .
ئۆرۈلەر ئۆپكەم: ئاھ تەكلىماكان
بۇ تۈگىمەس غېرىبلىق يولى .

3

شاختا ساڭگىلاپ تۇرغان بىر مېۋە،
قولىنى ئۇزارتقان يالىڭاچ مەخلۇق ـــ
مەن ئاشۇ ياۋاش، ئۇسسۇز، ئاچ مەخلۇق،
ئۆزدۇم قىپقىزىل پىشقان ۋەتەننى .

4

يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتەر كىشىلەر
يامغۇر بار
زېمىن يوق يەردە،
زېمىن بار
ئۇيغۇر يوق يەردە،
دەرەخ ئەمەس يا بۇلۇت ئەمەس
بىز ھاۋادا مۇساپىر بەندە .

5

خورما بازىرىغا بارغاندا
تىرىلدۇردۇم ۋەتىنىمنى
ئېتى بىلەن،
تەمى بىلەن،
تاغ ـ دەرياسى، نېفتى بىلەن .

پەلەستىنلىك خورما ساتقۇچى
توپىسىنى پۇۋۇلمەي ئېلىپ
كەمچىگە سېلىپ
سەرلىمەكتە دۇنيانى .
قوندى بىر چۈۋن ۋىڭىلداپ كېلىپ
ئادەم بەزىدە بىر خورمىچىلىك .

6

ئۆلتۈرۈۋەتتىم بىر كۆك باشاقنى،
ئۆلتۈرۈۋەتتىم پۈتۈن بىر يازنى،

دېرىزىدىن قاراپ ئولتۇرۇپ .
شېئىر مېنىڭ جان تالشىشىم .

قاغا ـ قۇزغۇنى ھەرپلەرنىڭ
ئاق قەغەزگە ئولاشتى توپ ـ توپ
ئىچ ـ باغرىمنى يېگىلى چوقۇپ .

7

غېرىبلىقتىن ئۆلۈپ كەتسەم
يولدا قويماڭلار مېنى،
تاغدا قويساڭلار قويۇڭلار
چۆلدە قويماڭلار مېنى ...

2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بوۋايلارنىڭ گۈلى

توختاخۇن دېگەن باتۇر
قانتو ئۇستىدە ياتۇر،
كۆپنىڭ غېمىنى كۆزلەپ
ئۆز بېشىنى يەپ ياتۇر.
— يەتتەسۇ ئۇيغۇر خەلق قوشىقى

ماشنام كېسىپ ئۆتتى قىش پەسلىنى،
قارا تاشنىڭ ئىسسىق قشىنى،
ماڭغىنىمدا يوقلاپ ئاتايىن
ئاللا رەھمەت قىلغان كىشىنى.

يۇۋۇلەر ۋەتەن
ئىسسىز كۆيۈۋاتقان بىر ئادەم
كۆرمەكتىمەن ئىچى - تېشىنى.
ياز بىزگە يالغان.
ئۆمۈر بېغىدا
ئېچىلىپ بولغان
چېچىلىپ تۇرغان بوۋاي - مومايلار
پەرۋا قىلماي قىلار ئىشىنى.
تارىخ ھىڭگىيىپ تۇرغىنى تۇرغان
چىقىرىپ بىزگە كوماك چىشىنى.

بوۋايلارنىڭ گۈلى ئىكەن ئۇ .
كېرىيە دەرياسىدەك
ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ
توختىغان ئەركىن
ئەگمەچ كېچىسىدە ياقا يۇرتنىڭ،
ئۆمرى يىراق ئېقۋاتقان سۇ .
ئۆتكۈزۈپتۇ چىشلەپ چىشىنى
مۇساپىرلىقنىڭ يازۇ قىشىنى،
تەگرىتېغىنىڭ قارلىرى بىلەن
ئاقارتقۇچە غېرىب بېشىنى .

قانداق شېرىن بۇ ۋەتەن دېگەن!
يېگىلى بولسا ھەتتا تېشىنى .
قانداق قاتتىق بۇ ھايات دېگەن!
قۇرۇتمىسا كۆزنىڭ يېشىنى .

بورانلىق بىر كۈندە قۇم دېڭىزىدىن
بىر جەسەت دەس تۇرۇپ مېڭىپ كەتتى .
ئۇيۇقتا تۇرۇپ بىر ئادەم بىزدىن
قۇياشتەك تېزدىن قەلەم تەۋرەتتى .

نى ـ نى باتۇرلار يىدى بېشىنى
بىر باش چامغۇر كۈتمىدى بىزدىن .
قەھرىمانىنىڭ قەبرە تېشىنى
ئورناتماس چۈنكى بۇ يەردە ھېچكىم .

مويسىپىتنىڭ گۈلى ئېچىلدى
خالىس نىيەت مۇزدەك ھەسرەتتىن .
بىر كۆرسەم، بىر ئەمەس مىڭلاپ كىشىنى
ئېچىلىپ ـ يېپىلغان ھەربىر پۇرسەتتىن .

www.uyghurkitap.com

*    *

كىم ئۇھ تارتۇر
يېزىلىۋاتقان
شېئىر ئىچىدە؟

توختاخۇن دېگەن باتۇر
ئەلنىڭ غېمىنى كۆزلەپ
ئاپپاق قەغەز ئۈستىدە
ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ
قارا رەڭلىك دەرد تارتۇر
توختاخۇن دېگەن باتۇر ...

2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى



# قولۇم كۆردى

قولۇم كۆردى ئاق تېرەك قوۋزىقىنى
سلىق، ئويما يېزىقلارنى ئوقۇدى .
قولۇم كۆردى ئەتىرگۈلنى تۈندىكى
كارىۋىتىمدىن تارقالماقتا گۈل ھىدى .

مەن كۆرۈندۇم قولى يوق بىر مىللەتتە
قولۇم كۆردى ئالەم ئەتىرگۈلنى .
ئۇنىڭ مېھرى توشتى مېنىڭ قەلبىمگە
تارقاتماقتا قەلبىم سۆيگۈ كۈيىنى .

2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور مەنبەسى
www.uyghurkitap.com

## ئون بارماق

قاراپ باقساق ئەقىل كۆزىدە
ئون بارماقنىڭ مىدىرلىشى
بىر يەردىكى ئون مۆجىزە .

ئۇ بىرىدىن بۇ بىرى ئوماق،
پوسما كىيگەن، كىيگەن ئاق قالپاق
قايسى ئەركەك، قايسىسى چىشى؟

بىردىن باشلاپ سانىساق
قاتار - قاتار ئون ھىلال ئاي
ئاسماندىكى ئون بىرىنچىسى .

دۇبۇلغىلىق، ساۋۇت - قۇياقلىق
ئېگىز - پەس تۇرغان ئون سەركەردە
ئوننىڭ بىرى ئۇيغۇر شاھزادە .

ئەگەردە
دەردىمىز نى يۆگىسەك
بىر تال شاختا بەش چىچەك .

بۇ بىچارە بارماقلىرىم
بالىلىرى گاچا ئاسماننىڭ،
شەرەت بىلەن سۆزلەر ئون يۇلتۇز .
پادىشاھى بوز تۇپراقنىڭ

تەسەللىگە موھتاج بىز، قۇتقۇز!
ئاتلار قاچتى تەرەپ ـ تەرەپكە
توپلانغىلى قۇم ئەرلەر قېنى؟
كومزەك كۆتۈرگەن سۇ پەرىسىگە
ئۇسساۋاتقان شەھەرلەر قېنى؟

قول ئېچىلدى
كۈننىڭ نەزىر سۇپىسى شەرق .
يول ئېچىلدى قۇملۇق ئېچىدىن
مەسچىت مۇنارى، ئەزان، ھىلال ئاي
قەدىمي كوچىلار بولمىغان غەرق .
ئاق تېرەكلەر چالدۇ چاۋاك
ئۇسسۇل ئوينار يالىڭاچ خەلق .
ئالىقان ئېچىلغان خۇداغا قاراپ
زامان ئېچىلغان سىرلىرى چاقناپ .

سۆزلەۋاتقان ئون بارماق
بەزى ـ بەزىدە قالىدۇ توختاپ
بىر جۈملىدە بىر يالاڭ تىرناق .

2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

# دېڭىز ئاستىدا بىر تال قورۇق تاش

ئۆلۈۋالدى بىر شائىر
سۇغا تاشلاپ ئۆزىنى،
شېئىرلىرى لەيلەپ يۈرگەن
ئاق نىلۇپەر .

ئۆلۈپ قالدى بىر شائىر
پۇچۇق قەدەھ قولىدا،
تەخسىسىدە مۇزدەك ئاي
شېئىر قىسقان چوكىدا .

مەن باشقا شائىر
مەسچىتتىن چىقىپ
ئادەم دېڭىزىدا كېتىمەن ئېقىپ .

دېڭىز ئاستىدا بىر تال قورۇق تاش
ئۆلۈم بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ياشاش .

2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

# ئوغلۇم ئېهساننىڭ پەرۋانىسى

ئەسىر ئېلىپ
شېشىگە سېلىپ
ساقلىدى ئۈچ كۈن

تۆتىنچى كۈندىكى ئاق قاناتلىق قىز
ئۇخلاپ قالغان تۇمارىسمۇ سىز؟

بەشىنچى كۈنى جېنىم شىشىدە
تۇتۇپ بىرەي ئۇنى قوش قوللاپ
بالام يىغلاپ قوپسا كېچىدە
ئۆلۈك پەرۋانىسنى ئويلاپ .

ئالتىنچى كۈنى
ئۆلۈپ قالدى ئوت يالقۇنىمۇ
بارا - بارا كۆكتىن تۇم قارا .

يەتتىنچى كۈنى ئۈستىمىز ئاسمان
شېشىدىكى مەخلۇق بىز پىنهان .
ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچتۇم قەغەزدىن
دىل يارىسنى ئۇنتۇدى ئېهسان .

2008 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## چاشقاندىن قورقتۇڭلارمۇ

پار ـ پۇر تۈكلۈك كېچىدە
ياپپاق چىنە ئىچىدە
شىپىرلىغان ئىز قالدى .

بىرلا تەگدى قۇيرۇقى
قارا قازان تۈۋىدە
سۇكۇت يەنە قىز قالدى .

ئۇنىنىڭ ئاپپاق ئەرۋاھى
چىقىپ تۆشۈك خالتىدىن
قېچىپ كەتتى پۇرردە .

نازۇك يەرگە چاڭ سىلىپ
ئوت ئىزدەيدۇ چىشى جىن
گاز ئوچاقنىڭ ئۈستىدە .

مايماق ـ سايماق يۈزلەردىن
ئەينەكلىرى ئىشكاپنىڭ
جۇغۇلدىدى چۈشىدە .

غۇنچە ئەمەس قىزىل كەش
مىڭىش ئەمەس پورەكلەش
بوش ئاياغنىڭ تۈنىدە .

خىرۇستالمۇ يا مىس جام
جاراڭ ـ جۇرۇڭ گەپ قىلغان
يات تائىپە كۈندە .

ئاندىن
قورقۇپ چاشقاندىن
جىمجىتلىقنىڭ جىق بوۋاقلىرى
كىرىۋالدى تۇغۇلغان يەرگە .

*　　*

مەن چاشقان بار كېچىدىن چىقىپ
دېرىزەمنى ئاچتىم سەھەرگە .
شېئىرىمدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ
مارىماقتا چاشقان شەھەرگە .

2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

# ئوتتۇرا كېچىدە ئانار يېيىش

بېھىشتىن چىققان مېۋە —
يېرىلىپ پىشقان ئايال .
ئۇيقۇم كەلمەي تېگىنى يېدىم ،
تېگى ئېشىپ قالدى كېچىنىڭ
دانلىرى ئاق، پىشماي ئېچىنىڭ .

2008 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى



## تۇرمۇشنىڭ رەڭگى

تېرەكلەر تەڭگە بولغاندا
قىز ـ چوكانلار بولۇپتۇ بەڭگى .

سورىدىم بىردىن ماي ئاسمىنىدىن
نېچۈن كۆپكۆك ئازابىنىڭ رەڭگى .

سورىدىم مەن قۇرۇق دەريادىن
قەيەرگە ئاقتى سۇنىڭ ئەركى؟

سورىدىم شاپتۇل چېچەكلىرىدىن
نېچۈن ھەسرەتتەك قاتمۇقات بەرگى؟

كۆكلەم غېرىب، كۆڭلۈم ۋەيرانە
غېرىبقا كاككۇك نېمە دەركى؟

قارايمەن يىراق ئاق بۇلۇتلارغا
مۇشۇنداقمۇ بەختىنىڭ رەڭگى؟

2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

## پەيلاسوپنىڭ ئىشكى

قىزغۇچ تۈكى
ۋالىلدىغان كۈن
چىقتى سوكۇلداپ تاغلار كەينىدىن
قۇيرۇقى مايماق، ئۈستىدە يۈكى .

پەيلاسوپتىن سورىغىنىم يوق:
«تۇرمۇش كىمنىڭ قوتۇر ئىشكى؟»

بۈگۈن بىرىپ يۈگرەيمەن ئەتە
تۈگىگۈچە بارچە يول تاكى .

بىر ئىشەكلىك يۈك بولسا سەندە
بارار يېرىڭ ئوقۇر، ئەي، بەندە .

ئاتتەك قوپقان بىر ئەتىگەندە
پەيلاسوپقا چۈشمەس ھاجىتىم
بولار دۇلدۇل قانتى مەندە .

2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قات - قات كىيىۋالغان يالىڭاچ ئادەم

ئەششاپتۇلنىڭ رەڭگىدىن چىقتى
مەنىسىزلىك تۈكلۈك ۋە مايماق .

ئورنۇمدىن قوپسام سايىسى چۈشتى
ئۆلۈم ئالدىمدا سالپاڭ قۇلاق .

پاس - پاس قىلىپ چىقتى سېغىزدىن
ئىچ پۇشۇقى نوردەك ئېغىزنىڭ .

بۇرنىنى كوچىلار سىپمىز بىر ئايال
كوچىلار تاكى تاپقۇچە ئامال .

كوچىغا مەلىكە نۇر چاچتى كۈندەك
يۈگۈردى ھەممىنى ئۇنتۇپ بىر جۈندەك .

كارىۋات ئاستىدىن، قەغەز ئۈستىدىن
ئۆزۈمنى ئىتتەك چىقاردىم ھەيدەپ .

جان بەردى كالتەك يەپ ئۆيۈمدە چاشقان
مەنە شۇمىكىن مەن بۈگۈن تاپقان؟

www.uyghurkitap.com

قىپپالڭاچ قالغان بىر ئادەم
بىمەنىلىكنى كىيگەن كىيىمدەك .
مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم پالىدىم
يەردە قاڭقىپ، ئاسماندا لەيلەپ ...

2008 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى



# قۇدۇق

بىر تۇپ كۆكنار قۇدۇق بويىدا،
بىر توپ ئاتلىق ئاق بۇلۇتلاردا .
تونيوقوق قاغان توختاتتى ئاتنى
قۇدۇق ئىچىدە ئاپپاق، ھۆل سەھەر ...

ئۇخلىيالماي چۇش كۆرسە ئەگەر
يۇندى يولى بۇزۇلغان شەھەر
ئۇنىڭ قەدىم كوچىلىرىدىن
كۆكنار گۈلىنىڭ پۇرىقى كېلەر ...

بىر ئۇيغۇر ئىشچى
بېشىنى تىقىپ
چىقارغۇچە لاي
يۇندى قۇدۇقىدا
كۆرۈندى ئاي .

مەن بولسام تاڭ ئاتقان شېئىردىن چىقىپ
ئىچمەكتىمەن ئەتىگەنلىك چاي .

2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىر غۇلاچ ئارىلىق

چۆلدىن چۆل چىقتى،
يولدىن گۈل چىقتى،
كۆرۈندى بىر پاكار قاشا تام
چۈشكىنىدە دۆڭدىن ماشىنام .

تۆگىچى تۆگىسىنى ساغماقتا
مەن بىلەن تەنھالىق ئارىسىدا،
مەنە ئىپادىلەر تىلسىز بوتىلاق
مەن بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئارىسىدا .

ئىچتىم ئىسسىق سۈت
داق يەردە ئولتۇرۇپ
ئاستا ـ ئاستا ئىچمەكتە ئۇپۇق
قىزىق قەدەھنى لىق تولدۇرۇپ .

بىر غۇلاچ يەردە قاراڭغۇلۇق
بىر غۇلاچ يەردە سايىدەك دۇنيا،
مەن بىر غۇلاچ يەردە قۇپقۇرۇق .

2008 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى،

# ۋەتەن قىزى

ئۆمۈر ئىزى ــ
كىتابىتىكى قارىغايلىقتىن
چۇشۇۋاتقان تاغ سۈيى،
كەچكى شەپەق رەڭگىدە .
يۈزى رەيھان بەرگىدە
ئىڭىشكەندە سۇ قۇيغىلى
تەشتەكتىكى گۈللىرىگە
ئەينەك ئۆيدە ياقا يۇرتتىكى .
سۇنۇق ئەينەككە قارىغانسېرى
پارقىرار ۋەتەننىڭ سۇنۇقلىرى
قان قىلار يۈرىكىنى ئەينەك قىرى .

سۆيۈن
گۈل
زەر كىرپىكلىك كۆن .
كۆل!

كەپتەرلەر ئۇچۇپ كەتسۇن ئاۋازىڭدىن،
كۆچەتلەر چۆچۈپ كەتسۇن پەسللەردىن،
ئۆلۈكلەر قوپۇپ كەتسۇن ئۆلگەن يەردىن .
بىر ئۆلۈك ئىچ ـ باغرىنى ئىزدەۋاتقان،

بىر جەسەت كانىيىدىن سىمنى تارتقان،
بىر يىگىت زەي تاملاردا قىز دەۋاتقان،
بىر بالا ئاق قەغەزدە ئوق يەۋاتقان،
بىر بېلىق ئون بارماقلىق، قاشلىق، چاچلىق
سوغ سۇدا جان تالىشىپ جان دەۋاتقان،
بىر ئادەم توك ئادەم، ئۇنى يوق ئادەم،
سىرغىسا بەدىنىدىن قىزىل شەبنەم
قىزىلگۈل تىكىنىنى مىخ دەۋاتقان .
بىر ئۇستىخان
سۇنغان، بوشاپ قالغان، تاشتەك قاتقان .
بىر تۈپ توغراق
قۇرۇغان، قۇرت يېگەن، دەرد تارتقان .
بىر يۇلتۇز، مىڭ يۇلتۇز، كىرپىكلىك يۇلتۇز
يۇلغۇنلۇق سايلاردا چەكچىيىپ ياتقان ...

سۆيۈنۈپ
ئوقۇدۇم
گۈل
قۇم
سۆيۈملۈك يۇرتۇم
يۇرتۇمنىڭ قەھرىمان قىزى
ئۆزى ئايدا، يەردە يىلتىزى .
دېڭىز ئويغاتقان كېچىلەردە
كۆز ئېچىپ سىغىنىش بىلەن
قارايدۇ روجەكتىن يىراقلارغا
غېرىب چاقنىغان چىراغلارغا .



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قارايدۇ
دولقۇن تۇغقان ئاپپاق ۋە يۇمران
بۇدۇر چاچلىق شوخ بوۋاقلارغا .
ئۆركىشى قاتقان قۇم دېڭىزىدا
يالىڭاچ ياتقان يوق بوۋاقلارغا .
ئاندىن
ئاق چىچى يەلپۈنگەن دېڭىز بولۇپ
قۇچىقىنى كەڭ ئاچقان پېتى
تەكلىماكان كېتەر قۇرۇپ .

ئەگىم ئاي
ئاچتى روجەكنى
كىتابىتىكى،
كىتابىتىكى يىللاردا تۇرۇپ
توختىتالماي كۆز ياشلىرىمنى
ياقا يىرتتىم يىغلاپ ئاھ ئۇرۇپ .

غېرىب غېرىبنىڭ قاياشى
سەن قېنى
ئەي مۇساپىر،
پۈتى يوق شامال؟
قىيسايغاندا ئۆمۈر قۇياشى
نەگە كۆمدى تەنھا ۋەتەنگۈل
ئېرىنى ۋە ۋەتىنىنى؟

كۆمدى ۋەتەنگۈل
ئۆزى پۈتكۈزگەن ئالىي مەكتەپنى،
ئۆزى ئۆتكۈزگەن ئېغىر كۈنلەرنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزى باسقان تاغ يوللىرىنى،
ئاق كېپەندەك ئاپپاق ۋاراقتا .
ئۆزىنىڭ پاك قەيسەر روھىنى
قويۇپ كەلدى ۋەتەن ـ ئەۋلادقا .

* *

سۆيۈنمەن ئازابتىن بەزى
شۈركۈنمەن بەزەن بەختتىن .
شولا چىچىپ ئورۇن ئالدىڭىز
شېئىرىمىدىكى ئالتۇن تەختتىن .

2008 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى



## دېڭىز بويىدىكى مېھمانخانا

شېئىر مۇنداق باشلىنار:
بوغدايلىقتا ھىلال ئاي .

دېڭىز مۇنداق باشلىنار:
مېھمانخانا پەلەمپىيىدىن
كۆك چىملارغا ئەگىشىپ چۈشسەك
ئوڭ تەرەپتە نەم شامال بىردىن
كۆرۈندۇ دولقۇنلار چۈشتەك .

دېڭىز ، دېڭىز ، بىپايان دېڭىز
گويا مامات يېپىلىپ ياتقان،
دېڭىز گويا ئاخىرى يوقتەك،
ھايات ئۈچۈپ ئۆتكەن بىر قۇشتەك .

ھېكايىلەر باشلىنار مۇنداق:
ئاۋۋال بىر ئەر، ئاندىن بىر قىزچاق
ئاق دولقۇنلۇق دېڭىز بويىدا
كۆرۈشىدۇ گۈللەر قولىدا .
كۆلۈشىدۇ، كەپتەرلەر ئۇچار
سۆيۈشىدۇ دولقۇن قوينىدا .
قايتار دولقۇن چاچلىرى ئاپپاق،
قايتقانلارنى قۇچاقلار تۇپراق .

غېرىبلىقىم باشلاندى مۇنداق:
مەن بىر ئۇيغۇر ئۆزىدىن يىراق،
بۇژغۇنلاردا مېنىڭ ۋەتىنىم .
كۈن زېمىنغا ياققاندا چىراغ
يۈرىكىمنى ئۆرتەيدۇ پىراق .

بۇگۈن دېڭىز مۇنداق باشلاندى:
ساھىلدا بار بىر جۈپ ئەر ـ ئايال،
ئىككى ئوغلى ئوينايدۇ خۇشال .
بالىلىقى ئاپپاق قۇم قەلئە
يۇزلەنگەندە دېڭىزغا ئۇلار .
چوڭ بولىدۇ كىچىك بالىلار
ھاياتى بىر رولچى بار كېمە .

دېڭىز نېمە؟ ئادەم دېڭىزى
تامچە ـ تامچە شەھۋىتى ئۇنىڭ .
يەر چۆكۈشكە باشلىغان كېمە
چەكسىزلىكى ئالدىدا سۇنىڭ .

سۇ ئاستىدا گۈزەل قۇم خەلقى،
سەرسانلىقتا چېچىلغان ئەركى .
خىرە، سوغۇق، قۇمساڭغۇ بەتلەر
خاتىرىسى دېڭىزنىڭ بەلكى .

گۇگۇم بىزگە باشلاندى مۇنداق:
مېھمانخانا دېرىزىسىدىن
قايرىلغاندا ھاۋا رەڭ پەردە،
مۇساپىر ئاي كۆرۈندى بىردىن
دېڭىز ئۇھ تارتار يىقىنلا يەردە .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*           *

سەيلە ئۈزاق داۋاملاشمايدۇ،
شېئىرمۇ بىر بەتتىن ئاشمايدۇ،
تەنھالىقتىن دېڭىز تاشمايدۇ،
ئاسمان مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ.

2008 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى



## قسقۇچپاقا

دېڭىز بويىدا،
قارا لىباسلىق قىز قولىدا
لىق سۇيۇق گۆگۈم .

تۆكلۈك،
ئىسسىق،
قورام تاشنىڭ يېرىقىدا
يىغلىپ قالغان لەش سۇ .

ئۆملىدى،
ئۆلمىدى بۇ
قسقۇچپاقا.

بىر پۇتى
ئىككى پۇتى
راھەتلەنگەن ئۈچىنچى پۇتى .

يەتتىنچى پۇتى پۇت ئەمەس ئاسمان
ئېرىگەن سۈزۈك ئاسمان سۇدىكى .

ئۇشبۇ مىسرالارنىڭ ئاستىدا
دېڭىزنىڭ ھۆل دۈمبىسى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى يىغقۇچى
www.uyghurkitap.com

قسقۇچپاقا ئۇۋۇسى،
قارا بۇلۇتتىكى قىز شولىسى.

2008 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاسماندىكى يېزىنىڭ زېمىندىكى تەرپى

دادىسى چاقماق
ئانىسى يامغۇر
بالىسى توغراق .

قىزغۇچ، يىراق قۇم دۆڭلىرىدىن
كۈننىڭ بېشى چۈشتى دومىلاپ .

تۆرىدۇ بىر مىللەت نېمىنى ئويلاپ
غېرىب، تاقىر تاغلارنى بويلاپ .

كىرپىكلىرى قويۇق يېزىلار
دەريا ئاقار ئەزان توۋلاپ .

2008 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

# ئەتىگەن سائەت نۆلدىن چىقىش

1

چىقتىم
ئىللىپىسسىمان كېچىدىن،
تېنىمىنىڭ ئىستىرېلكىسى
كۆرستەر دەقىقىلەرنى
مەڭگۈلۈك ئىچىدىن،
قۇياش نۆل.

2

چىقتىم ھاڭگا تېرەكتەك
پۇت ـ قولۇم — شاخ ـ پۇتاق .
يوپۇرماقسىز ئەڭ كىچىك مېۋە
ھىلال ئاي بار چىمەلتەك بارماق .

3

مەن ھەسەل قۇتىسىدا شىلىمشىق بال،
سەن سەھەر بوسۇغىسىدا نۇردىن كىچىك .
سەن كېچىنىڭ زىنىخدا خال،
مەن ئاسمانغا قويغان كۆن چېكىت .

كىردىم قۇياشقا .

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

# قولۇم بۇرتۇقال پۇرايدۇ

يېدىم شۆپۈكلەپ كۈنلەرنى بىر - بىر
دېدىم بۈگۈنۈم ئانار رەڭگىدە .
ئاغزىم بۇرتۇقال پۇرايدۇ هازىر
قولۇم غېرىبلىق پۇرار بەزىدە .

خىلمۇخىل مېۋىلەرگە قول ئۇزارتتىم
نېمەتلەر ئالدىدا نا شۈكۈر بەندە .
ئۆزلۈك يوق يەردە ئۆزۈمنى تاپتىم
پىشقىن يۈرەك ياپراقسىز تەندە .

شۈمشىيىپ بۇرتۇقال يەۋاتىمەن
ئاغزىم چۈچۈك مېۋە تەملىك .
مەن ئىككىگە بۆلۈنگەن ئادەم
قولۇم شوخ بولسا، بارمىقىم غەملىك .

شامال كۈز پەسلىدىن چىقىپ كەتتى
ئايال قوڭغۇراقسىز، خۇش پۇراقلىق .
پۇرار كېچىدىن نەم يۇلتۇزلارنى
تېنىم كارىۋاتتا چېپىپ ئاتلىق .

2010 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

# خوراز

پۇت سىزدى قۇياشقا ئوغلۇم
قىزىل تاجلىق خوراز بولسۇن دەپ .
قۇياش ماڭدى قەغەزنى دەسسەپ
مېڭىشلىرى ئەمدى توخۇنىڭ .

سۇ جۇمكى قىزغۇچ داتلاشقان،
كۇمۇش داننى چېچىپ دانلاشقان
ئاڭلانغىنى چىللىشى سۇنىڭ .

بۇ جەمجەت بىر چۇش ۋاقتى ئىدى
سۇ تېپپتۇ ئەركىنلىكنى .

ئۇرۇلماقتا ئازابىنىڭ ھىدى .

خوراز بولدى ئوغلۇم سىزغان كۈن
ئاندىن ئۇنى بوغۇزلىۋەتتىم .

2008 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

## خاتا تېلېفون

كۆڭلۈم جىرىڭلار
قۇپقۇرۇق، ئۇزاق،
كەلگەندەك بىر خاتا تېلېفون
چوڭقۇرۇمغا سالمەن قۇلاق .

جىمجىت ئۆلۈم، خىلمۇخىل ئۆلۈم
يىلتىزىمنى تۇرار قامالالاپ .
دولقۇنلىرى ھاياتنىڭ بىر كۈن
چەكسىزلىككە قويىدۇ تاشلاپ .

سىرلىق بىرى قىلار تېلېفون،
بىزدە ئەمەس بىر ئۇچى سىمنىڭ،
كىمنىڭ ئاۋازى، جىمجىتلىق كىمنىڭ؟

ئۈزۈلگەن تۇرۇپكا
يا ئۈزۈلگەن گۈل
خىلغىچە بولسەن سەپرا
غىژىلداشتىن توختىماس كۆڭۈل .

2008 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

# قۇش ۋە شېئىر

ساھىلدىكى ئاق قۇم ئۈستىگە
يازدى بېغىرتاق نازۇك بىر شېئىر
يازنى ھەيدەپ قويرۇقى بىلەن .

ئاق قەغەزدە چاقندى پىكىر
شېئىرىمدا بىر قۇش بار لەۋەن .

تۈنجى شېئىرنى يازغىنى ئىگەم
قۇشقا «پەيدا بول» دېگەن سۆز بىلەن .

2008 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاق ماغزاپ

ئاق ماغزاپ
ئۆزى كەتتى
ئىسمى ئەستە قالدى يالتىراپ .

دۇنيا ئۆچتى كەچ كىرىش بىلەن
ئىسمىنىلا ئىپسىمدە ساقلاپ
مەن دۇنيانى چىقتىم ۋاراقلاپ .

غەم ۋە شادلىق پۈۋلەر ئۆمۈرنى
ئەي، گۈزىلىم تۇرمامسەن چاقناپ
نېچۈن يېرىم قىلدىڭ كۆڭۈلنى؟

2008 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

## بىر تۈپ توغراق كېسىلدى

بىر تۈپ توغراق كېسۋېتىلدى،
كۆكلەكلىرى ياپيېشىل ئىدى،
قۇچىقىدىن چۈشتى توپىغا
ياپراق بوۋاق ئىڭرىغان پېتى .

بىر تۈپ توغراق كېسۋېتىلدى
بېشى يەردە، توپا ساقىلى،
يۈرەك سۆزى كۆپ ئىدى يازغا
بىر شۇئىرلاپ توختىدى تىلى .

بىر تۈپ توغراق كېسۋېتىلدى
ئۆپكىلەيدۇ هازىدار ئورمان .
كېپەنلىگەن ئانا يەر ئېيتار
بىر تۈپ توغراق بولساڭ نە ئارمان!

بىر تۈپ توغراق
ئۇ بىر يېشىل يەك،
يەڭ ئىچىدە بىزنىڭ قولىمىز .
ئىنسانىيەت قىلدى مۇنداق جەڭ:
تەبىئەتنىڭ قولى كېسىلگەن،
كېسىك ئەمدى هايات يولىمىز .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

# مېنىڭ ئاپپاق، كىچىك پىكاپىم

تۇزدەك ئاق
تۇزدەك ئويناق
قوزغالدى يول بويلاپ بىر كىچىك پىكاپ
ئوي ئويلاپ توختىدى ئويىدىن ئادىل .
ئالدىراشلارغا قىلمەن خىتاب
تۇگەيدۇ بۇ يولمۇ توختايمىز ئاخىر .

توختايمىز ئالدىدا
بىر پاتمان ئىشنىڭ،
بىر توپ كىشىنىڭ،
قارىلىق باغلاپ جىم بولغان قىشنىڭ،
ياكى بىر پەيلاسوپ چىش كولىغۇچتا
كىرىنى چىقارغان هالدا چىشنىڭ،
ياكى بىر كىشى شۇ مۇراسىمدا
غەيۋەتنى قىلىپ بىرسىنىڭ
ئالدىراپ مېڭىشقا تەمشەلگەن چاغدا،
كۆز ئالدىمىزدا ئاخىرقى ئىشىك
توختايمىز مەڭگۈلۈك قالغاندەك داغدا .

مەن ماشىنامنى تورمۇزلاپ ئىتتىك
بۇرۇلدۇم قايناق سودا سارايغا،
بۇ غېرىبلىقتىن .

ياشسام دەر ھەركىم چىقىپ ئايغا
يالغۇز ئۆتەلمەس ھېچكىممۇ لېكىن .
ئەگەر ياشىساق كەڭ بىر دالىدا
ھىماتسىز ، ھەمراھسىز ، ھېچكىم يوق ھالدا
چىدىيالمايمىز ئۆلۈم بىر دالىدا .

تىقىپ قويغان خۇدا ئۆلۈمنى
سۇغا، توپىغا، ئورمانغا، تاغقا،
بومبىغا، چاقماققا، توكقا، ئىشكاپقا .
خۇدا ئەجەلنى يوشۇرۇپ قويغان،
ئاھ، ئىنسانلار جېنىدىن تويغان
ئىزدەر ئۇنى چېپىپ ھەر ياققا .

ئادەم دېڭىزى يامرىغان كوچا
ماشىنام دېڭىزنىڭ كىچىك بىر كېتى .
كەچ كىرگەندە توختىتىپ قويسام
تۆمۈر ئاچقۇچقا زەنجىر بەند دېۋە
يول ياقىسىدا ئاق ئىسكىلىتى .

*            *

مېنىڭ ئاپپاق، كىچىك پىكاپىم
مەن بۇ يەردە بولغاندا سەرسان
بولدى مېنىڭ قېلىن نىقابىم .
مەن ۋاقىتقا بولغاندا سەرسان
كۆرۈنمەيمەن، ئۆلۈم نىقابىم .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قايتا تۇغۇلغان تاش

تىرىك ئىدى مىليون يىل بۇرۇن
ئاسمانغا قاراپ ئولتۇراتتى،
نىلۇپەردىن چۈشۈپ بۇ خوتۇن
چولتوككىدە كۆلگە تاش ئاتتى .

قۇشقاچلار پۇرردە ئۇچۇپ كەتتى،
ئۇچۇپ كېتىپ ئۇنىڭ روھمۇ
مىليون يىلدا ئايلاندى تاشقا .

تۇغۇلغاندا تاش قايتا
جىددەدىكى بىر كوچىدا
كۆردۈم ھىندى قىزنى،
قىزىل سارا ئۈچىسدا
مۇز قايماق يەپ، كۆز تاشلىدى لەپ ...

تاشنىڭ روھى چۆرگۆلەپ
قىز بولۇپ كەپتۇ .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

# سۇ قايندى

سىر قالمىدى
ئۇتنىڭ قىزىل ئاغزىدا،
سۇنىڭ سۈزۈك قەلبىدە،
كۆتۈرۈلدى ھورلار ئاق،
مىس ئاپتۇۋا، گاز ئوچاق
سۇ قايناپدۇ ۋاراقلاپ .

بىر چاي قاينىمى ئۆتكەندىن كېيىن
بىز يەنىلا تۇرمۇشنىڭ قۇلى
بىر قەپەستە بىز يالغۇچ .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

# ئەتراپىمدىكى ئەرەبلەر

(چاتما)

## مۇھەممەد سەئىد مەھمادى

مەن مەككىگە كېلىپ ئەتىسى
ئۆي ئىزدەپ بىرىپ تونۇشقان كىشى،
شۇنداقلا مەن خوشلاشقان چاغدا
ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئاخىرقى ئىسمى .

بىر نەچچە تۈپ خورما دەرىخى
ئۇنىڭ يېنىدا تۆت قەۋەت ئۆيى
لاغايلاپ يۈرەتتى بىكار كۈنبويى.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەن نەرسىلەر
سايىسى، بەش ناماز، كېسەل ئانىسى .

بىر كۈنى
كۈن قوزا چۈش بولغاندا
كېتىپ قالدى ئانىسى ئاستا
بىر كۈن ئەمەس مەڭگۈ ياشاشقا .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشكىمنى چېكەر مۇھەممەد
ھىجرىيە كالېندارىدا
ئوخشاش كۈندە، ئايدا بىر نۆۋەت .
كۆچۈپ كەتكەن بولساممۇ گەرچە
ياشماقتا چۈشۈم شۇ ئۆيدە
پات - پات يەنە ئىجارە تۆلەپ .

## سالىھ تارۇق باغدادى

باغدات كوچىسىدا كېتىۋاتقان
ئۈچ قەلەندەر ئىشكىنى ئاچتى،
بۇمۇ شۇنداق نامازشام ۋاقتى .

زاۋال پەردىسى
ئۇنىڭ چىرايىنى
ئايلاندۇراتتى غىل - غىل سىمابقا،
ئۇ ماشىنا ئوڭشاۋاتاتتى .

رېمونتچى سالىھ باغدادى
ماشىنامنىڭ قاپقىسىنى ئاچتى
دىۋە بار كوزىنى ئاچقاندەك خۇددى .

غېرىبلىقمۇ بىر خىل سۇيۇقلۇق
قوللىرىمغا
يۈزلىرىمگە
چاپلاشتى .

ئۇنىڭ ئىسمى يادىمدىن كەچسە
بۇرنۇمغا گۈپپىدە بېنزىن پۇرايدۇ
بۇ پۇراققا ئۈچ يىلدىن ئاشتى .

## دوكتور ئەخمەد غامدى

چۈشتىكى ئاپتاپتا كۆيۈپ ـ كۆيۈپ
چۈشتىن كېيىنگە خورما قالمدى،
چۈشتىن كېيىنمۇ ئاگالايمەن سۆيۈپ
دوكتور ئەخمەد غامدى
ئىنگلىزچە سۆزلىگەندە
چار ساقىلىنى يەلپۈتۈپ.

ئىنگلىزچە ئۆلدى ئەپلاتۇن،
ئۆلۈمگە گىرىك تىلىدا
سەۋەب بولغان شۇ ۋات ـ ۋات خوتۇن.
موزدۇزنى پەيلاسوپ قىلدى، قىلدى ۋە
چىچىنى سۇپۇرگە، قولىنى ئوتۇن.

شېكىسپېر درامىسى تۈگىگەندە
بىر ۋەھىمە باشلاندى مەندە،
تاڭ شېئىرلىرىدەك نىقابلىق كىشى
تۇراتتى پىچاقلىق كەينىمدە ھامان
مەن تۇرغان يەر تۇرمۇش سەھنىسى.

ئوكتاۋىئو پازنى سۆزلىمەي
سۆزلەر دوكتور ۋودسۋوردىنى.
ساقىلىغا ئوت قويۇپ بەردىم،
ئۆزۈم ئوقۇپ بەردىم بورخىسنى.

تۈگەشتى ئامېرىكا ئوبزورچىلىرى
ئۇلار ئاپتورنى بوياپ چىقىشتى.

دوكتور دېدى كېيىنكى دەرس
كېيىنكى مۇستەملىكە ئەدەبىياتى .

مەن ئاڭلىمىدىم،
دوكتورنىڭ گېپى يالغاندەك
ياكى مەن بىر توپ تەنقىدچى ئارا
قىپيالىڭاچ بولۇپ قالغاندەك .

ھۆرمەتلىك دوكتورۇم
ئەخمەد غامدى،
كۆك قۇم كۆيگەن بۇ چۆشتىن كېيىن
ئاسمان رەڭلىك پىكاپى بىلەن
كىتابتىن چىقىپ نەگە ماڭدىكىن؟

## ئابدۇللا بىن قۇرەيش

جاۋاھىر ساتقۇچى
ئابدۇللا بىن قۇرەيش
ۋال - ۋۇل دۇكاندا مىڭ بىر كېچىسى،
مىڭ ئىككىنچى كېچىدە ئادىل
ۋىجدان ساتماي مال ساتىمەن دەپ
كەلدى بىر سومكا مەرۋايىت يۈكلەپ .
تۆشۈك يۇلتۇزلار
يۇلتۇزلاردىن بۇرۇن
سۇدىكى تاش .
تاشتىن بۇرۇن تارتىۋېلىنغان
قۇلۇلىنىڭ ئەركىگە ئوخشاش
كۆز چاقاتتى كۆللەر تەكتىدىن،
ئالدىم ئۇنى بېيجىڭ شەھرىدىن .

مەن ھازىر
يېرىم مەرۋايىتچى
يېرىمىم شائىر .
شائىردىن بۇرۇن
ئۈمۈچۈك تورىدىكى ئادەم ئىدىم،
ئۇنىڭدىن بۇرۇن مىنىپ ئاق ئايغىر
بېشىمدا تاج، كەزگەن دالا ــ قىر،
قەدىمكى شامالدا، ئوتلاردا ھىدىم ...
ئاندىن
قەدەم ئالدىم ئېغىر ۋە ھارغىن
ۋالىلدىغان دۇكانلار تامان .
ئابدۇللا بىن قۇرەيش
قەھۋە ئىچكەچ ئالاتتى ئارام .
ياغلىقى ئوتتەك تۈرك قىزى
كىرىپ كەلدى بويىندا مارجان
قولۇمدىكى مەرۋايىت كۆيدى،
ئىچىم كۆيدى، كۆيدى يىپتەك جان .

ئابدۇللا بىن قۇرەيش ئاندىن
مەرۋايىتىمنى ئالدى قولىغا .
ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ
ئېسىلدۇ قىزلار بويىنىغا .
ئاندىن ئۇلار سۇ پەرىسىدەك
شۇڭغۇپ كىرەر يارى قوينىغا .
تۇرمۇش ــ دېڭىز، سۆيگۈ ــ جاۋاھىر
ئاندىن دۇنيا توشار شولىغا ...

## يېرىم ئەرەب توختاخۇن

1

توختاخۇن چالا ئەرەب
ئەرەبچە پەرىجسى .
بالىسى يېرىم ئۇيغۇر
پۈتۈن ئەرەب نەۋرىسى .

يۇرت دېسە نېمە دەرمەن؟
ئۇردا ئالدىمۇ ، سەمەن؟
دادىكام ئېلىپ كەلگەن
يۇرىكىمدە قەبرىسى .

مەككە يولدا رودۇپاي
چاپلاشسا قويۇپ بەرمەس .
تىلىمنى گاچا قىلدى ،
كۆزۈمنى ئويۇپ بەرمەس
بىزمۇ خۇدا بەندىسى .
ئاتىسى بارمۇ توشقاننىڭ؟
ئانىسى بارمۇ توشقاننىڭ؟
هاجىلارغا قالغان يول
سەفا بىلەن مەرۋىسى .

2

كۆنىنىڭ كېسىلگەن كاللىسىنى
ئۇپۇقا سېلىپ سۆرىسە سەهەر

ئۇ يۈزنى شەرققە قىلىپ
ئاھ، ۋەتىنىم ئاشۇ ياقتا دەر .

خورما دەرىخى چېچەكلىگەندە
چېچەكلىدى ئاشۇ يات ئەلدە
چېچەكلىرى ئېغىر، جىمجىت نەم
توختاخۇن بىر تۇپ دوگىغاق جىگدە
ساڭگىلاپ تۇرغان مېۋىسى ۋەتەن .

كېتىۋاتسا قىزىل دېڭىزدەك
تېز سۈرئەتلىك تاشيولنى بويلاپ
سەرسان شامالنى پاپىداسىغا
سېلىۋالار ئۆزىدەك ئويلاپ .

ئۇزاق يىللار كەلدى تەك ياشاپ
بىر يېشىل چۆل ئۇنىڭ چۈشىدە،
يېقىن بىر چۆل كۆڭلىدە ئۆيىدە .

كەبىگە ماڭسا ئەگىشىپ ئايغا
ۋەتەن ئاينىڭ ئىككىنچى يۈزى .
ئۇ مېھماندۇر قىچقارغان ئاللا
ئۆيى ۋەتەن، يات تالا ـ تۈزى .
سېغىنىپ ئۆز يۇرتىغا بارسا
ئۆيى تالا، تالادا ئۆزى .

3

قىزىل دېڭىز قىزارغاندا
تونۇشلار دېڭىزدىن قول سۇندۇ
ئايلىنىپ كەتكەن كۆپلىرى تاشقا ...

تونۇش تاشلار، خالتا كوچا، سامان سۇۋاق خام كېسەك تاملار، تۈگلۈك، كۈنگۈرىلىك لاي پەشتاقلىق بالىخانىلار؛ توپا ـ چاڭ ئاـ رىسىدا ئىككى كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرغان بازارچىلار، كەپـ تەرۋازلار، تۈزچى، دوغچى، خالۋاپ، باققاللار، بېدىكلەر، ھۆپـ گەرلەر، دېھقانلار؛ دوپپا تىكىپ، كەشتە توقۇپ، رېشلىيە ئىشلەپ، چۆچۈرە تۈگۈپ، لەڭپۇڭ ئۇيۇتۇپ ياكى ناۋات، مۇراببا ياساپ ساتقان ئاياللار؛ يول بويىدا ئورۇندۇق قويۇپ ئۇستىرىنى كاپلاپ، خېرىدار ساقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئېڭىكىنى ئۇزاققىچە ئۇۋۇلاپ، چاچ ـ ساقىلىنى يىرىك ئالىقىنىدا نەمدەپ يۇمشىتىپ يېزا بازىرىدا ساتىراشلىق قىلىۋاتقانلار؛ نان ئۇۋۇقىنى يەردىن ئېلىپ، توپىسىنى پۇۋلىۋېتىپ ئالىقىنىدا كاپ ئېتىپ بىر بۇلۇڭدا گىردە يەۋاتقانلار؛ بۇرۇتىنى دىڭگايتىپ، دوپپىسىنى قىرلاپ كىيىپ، توغرا كېسىپ ئۆتكەن ئادەمگە چار خورازدەك ھۇرپىيىپ، پىت باـ زىرىدا نوچىلىق بىلەن كېلىۋاتقانلار ...

غەرق بولدى دېڭىزغا
ھەممە ئادەم بىردىنلا .

توختاخۇن يىغلىماقتا
ئۇيغۇر تىلىدا ...

## نەخىل بىنتۇ ئەرەب

گۇگۇمدىكى دېڭىز بويىدا
پۈتلىرىمنى غىدىقلايتتى قۇم،
جىمىرلىدى يۇلتۇز ئېچىمدە
ئەرەب ئايال بىلەن تونۇشتۇم .

www.uyghurkitap.com

قارا كىيىم ئۇشۇقىغىچە،
كۆزۈم چۈشتى يېقىن كەلگۈچە
دولقۇن سۆيگەن يالىڭاچ پۇتى .

ئىزدەپ بارسام سەھەردە ئۇنى
قارا ئەمەس يېشىل كىيىنگەن
بىر تۇپ خورما دەرىخى ئىكەن .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاي



## قىچىش

بىر تۈپ دەرەخ پەسىللەردىن
قىچىۋاتقان قىپيالىڭاچ،
تۇرمۇش قاراقچىدەك قوغلار
مۆكسۈن شائىر ئىشكىنى ئاچ .

بۇ ئادەملەر بەك ئالدىراش
بۇ كوچىلار پاراكەندە،
تاملار ئەينەك، تامدا پايلاش
ئۆيۈم ئەسلي تالاكەن ـ دە؟

تۇرمۇش جىددىي، شەھەر قىستاڭ
چىپىپ ئىنسان ھىرىپ كەتتى .
بومبا ساقال غىرىب توغراق
قىچىپ چۆلگە كىرىپ كەتتى .

كۆكلەمدىكى كۆپكۆك دالا
قىچىپ بارار قورقۇپ، تەرلەپ .
دىڭىزدەك بىر ئېگىز بىنا
قۇيرۇقىدىن تۇتتى دەسسەپ .

يۇلتۇز سانسىز، ئاسمان ئويغاق
دوختۇرخانا يورۇق، ئاپپاق
قىچىپ كەلدى بىر توپ بوۋاق
يەر ئانىنىڭ قۇچىقىغا .

www.uyghurkitap.com

مەن بىر قاچاق
قېچىۋاتقان مەڭگۈلۈكتىن
تەلۋىلەرچە ئىشلەپ، ياشاپ،
قۇتۇلالماس ھېچكىم لېكىن ...

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى



# كىتابلارنى ئوقۇپ بولدۇم

يۇرەكنى ئەزگۈچى كىتابلار تۈندە
ئوقۇۋاتىمەن ئاسمانسىز ئۆيدە،
باللىرىم چۆچۈپ ئويغاندى،
پەي ـ قاناتلىرى، كىيىمى يەردە .

كىتابلارنى ئوقۇپ بولدۇم
ۋاراقلاي بىردەم ئۆزۈمنى ئۆزۈم .
ئارام ئالاي يالغۇز، جىممىدە
مېنىڭ بولسۇن تىل، قۇلاق، كۆزۈم .

يۇرەككە تاش پېتىپ كەتكەندە
يۇرەك تاشتەك قېتىپ كەتكەندە
قاتار قۇرلاردا، قارا يوللاردا
جەسەتلەر سۇۋارى يېتىپ كەتكەندە

تارىخ كىتابنى يېپىپ قويدۇم .

قەبرىستان ئەمەسمۇ كىتاب دېگەن؟
ئوچۇق جەسەت، ئوچۇق كۆزلەرنى
ياپتىم، قات ـ قات قەغەزلەر بىلەن .

تۆمۈر پەنجىرىلىك سوغۇق پەلسەپە
تۇتقۇن بولار كىم ھەپىلەشسە،

ئۆيسىز قالار يىراقلاپ كەتسە
ئىدىيەسى ئىشىكسىز، تامسىز .

بىر ئەدىب ئىنجىقلاپ ئۇلتۇرۇۋېرىپ
بىر پاتمان چىقىرىپ قويدى ئاخىرى،
يېقىنلاش بۇرنۇڭنى، كۆزۈڭنى ئېتىپ
ئەي ساددا ئوقۇرمەن كەت ياكى نېرى .

بەزىدە سەن ئاپتوردىن چىچەن
دۆتلىشىسەن ئوقۇغانسېرى .

كىتابلارنى ئوقۇپ بولدۇڭ،
ئازابلاندىڭ، قورقۇپ بولدۇڭ .
ئىشىكىڭنى ئاچقىن دېگىنىزغا
ئوقۇغىنىڭ ھەر كۈنى بۆزغۇن .

ھاياتىمىز كىتاب ئەمەس
ھەر دەقىقە يېڭى نەپەس،
يېڭى ئاسمان
يېڭى شامال
ئىسسىق بىر نان .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

## ئەرەب يېزىسى

بىر لوكىلىق تۆگە،
ئىككى لوكىلىق ئايال
ئۈچ لوكىلىق توختىغان نەزمە .

كۈندۈز ئۆچتى سۈت كۆپۈكىدە
ئىسسىق يېزا،
شامال ئۈستۈمدە .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

## دېڭىز بويىدىن قايتىش

كەينىمدە قايتقان قۇياش
كەينىمدە قايتقان دولقۇن
مەن بىر قىيا تاش .

دەرەختىن كېيىن قايتقان
شەپەقتىن كېيىن قايتقان
مەن تەنها ئادەم .

نازۇك، ئۇزۇن بارماقلاردا
سويۇلۇپ ئاپپاق، قايتقان
مەن بىر تال بانان .

تاشپاقىدىن كېيىن قالدىم،
دېڭىزدىن كېيىن قايتتىم،
مەن ئەركىنلىك .

مەن بىر دۆۋە قايتقان تاش ـ تۇپراق
مەن زېمىندا بىر غېرىب ئادەم .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## خۇش پۇراق ئەخلەتخانا

ئەسىردىن كېيىن بويىغا يېتىپ،
مېڭىشى تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ
تاپىنىغىچە يۆگەنگەن قىزچاق
قالدى ئەخلەت تۆككىلى چىقىپ .
ماڭدى ئىپار كېپىكى گويا
ئەتراپىغا خۇش پۇراق چېچىپ .

ئادەمسىز ئارقا كوچىدا
مۇكەممەل، ساق
ئىمان كۆچىدە
كۆزدىن يىراق
قولدىن يىراق
چاقناپ تۇرغان غۇنچىدەك قىزچاق .

مەن بىلمەيمەن ئۇنىڭ ئىسمىنى،
تاش بىلمەيدۇ سۇنىڭ ئىسمىنى ،
ئۆز ئىسمىنى بىلمەس شۇ تاپتا
خۇش پۇراق تولغان ئەخلەتخانا .

بىر قارا مۈشۈك
قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ
تۇرماقتا گويا قىزىلگۈل چىشلەپ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شېئىرىم قەغەزدە قىزنىڭ ئىسمى دەپ
تۇردۇ ئاغزىدا قىزىل چوغ چىشلەپ .

بىر ئالىغاي چۈش
قىزنى كۆرمەي پىقىرنى كۆردى،
بەخت قۇشدەك ئۇچۇپ كېلىپ
قىز ماڭغان كوچىدا پۇتۇمنى سۆيدى .

ئىمان كۈچىدە يۇمدۇم كۆزۈمنى
دوزاخ ئىچىمدە لاۋۇلداپ كۆيدى .
كۆز زىنىاسىدىن تارتتىم ئۆزۈمنى
ئىچىمدە غالجىر ئىت زەنجىرلىك ئۆلدى .

ئەزان ئاۋازى ئاڭلانماي قالسا
ئەخلەت بىز ئۆز بولساقمۇ قانچە
ياشايمىز پەقەتلا ئەخلەتخانىدا .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

# كىچىككىش

باھانە ـ سەۋەب ئىزدەيمەن
مېنىڭ ئىسمىم كىچىككىش .

ناۋاي ياقتى تونۇرغا
كۈندەك دۈگىلەك نانلارنى
ساقلىنى كۆيدۈرۈپ .

قاسساپ ئويلاپ ئولتۇرماي
ئۆمۈر بويى گۆش ساتار
ھەربىر كۈننى ئۆلتۈرۈپ .

مېۋە سېتىپ توختىماي
زېرىكمىدى يا باققال،
مەن تۇتۇپ ۋە سەن تۇتۇپ
سېسىپ كەتتى ئاي ـ يىللار .

دېھقان ئېشەك ھارۋىغا
بېسىپ پاختا يا بۇغداي
ماگار ئىكەن ئالدىرىماي،
بارار يېرى بازاردۇر .
بازارلىقلار ئالدىرار
توختار يېرى مازاردۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچى كېچىكتى
مۇدىر قارار سائەتكە،
ئەڭ چوڭ سائەت قوياشتۇر
بارچە ئىنسانىيەتكە .

ئۇرغۇن يىگىت سولاندى
كىتاب دېگەن تۈرمىگە،
ئېپى بار جىق سودىگەر
دەل ئۆلگۈردى ئۆلۈمگە .

خىجىل قىلما ئەركىنلىك
تاشپاقىدەك ماڭساق بىز .

خىجىل قىلما ئەركىنلىك
كېيىملىرى غەربچە
يانپاشلىرى ئوچۇق قىز
باراۋەتكە كېچىكسە .

ئاق ساقىللى جىق ئىدى
ئاق تېرەكمۇ كېچىكتى .
كىچىك ئىدى مۇشتۇمدەك
قىز بوۋاقمۇ كېچىكتى .

بىز ئىشىكىنىڭ ئالدىدا
ئەي مەڭگۈلۈك ئۇلۇغ يار،
بىز كېچىكتۇق ئالدىڭدا
ساڭا ئايان ۋەجى بار .

هايات دېگەن كېچىكىش،
ئۆلۈم دېگەن كىچىك ئىش
ئالدىرىغان ئادەمگە .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## ۋانگوكنىڭ ئايىغى

خۇدا ئىككى پۇت سىزدى
ۋانگوكنىڭ جۈپ پۇتىنى،
بىر جۈپ ئاياغ سىزدى ۋانگوك
مەشھۇر رەسسام ئاتىدۇق .

پۇتى كېتىپ ۋانگوكنىڭ
قاپتۇ قۇرۇق ئايىغى
بۇ رەسىملىك كىتابتا .

بىر جۈپ ئاياغ شۇ تاپتا
رەڭسىز قاراپ تۇرماقتا .

چىدىيالماي قاراشقا
بىر جۈپ كونا ئاياغقا،
يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلىپ
ئېلىپ ماڭدىم مايلاشقا
رەسىمدىكى ئاياغنى .

موزدۇز كولۇپ تۇراتتى،
ئاياغلىرى يىغلايتتى،
باشلىغاندا ياماشقا .
بەك ئالدىراپ بەك چاپقان

توختاپ قالغان تېز ئۆتۈك.
تۇمشۇقنى ئەپقاچقان
نازۇك ئۆتۈك — قىز ئۆتۈك .
مۇنداق دەيدۇ ئاياغلار :
«سىلەر يوق پۇت، بىز ئۆتۈك.»

كالانپاي پۇتلىرىمىزدا مەڭگۈ مۆكۈپ تۇرغان ئوتتۇرانچى بارماق.
كەم دىدار، كەم سۆز، قىسىق كۆز، ئەركە چىمچىلاق.
شېئىر دېگەننى چۈشەنمەيدىغان توم باش بارماق .
تۆكلۈك پۇتتىكى دۇبۇلغا - قۇياقلىق، ھېڭگىيىپ تۇرغان نامسىز بارماق .
نازۇك پۇتتىكى خېنە قويۇقلۇق، چىرايلىق دىڭگىيىپ تۇرغان نامسىز بارماق . سۇركىلىش، تېپىرلاش، ئاياغ ئىچىدە يەنە سۈركىلىش، تېپىرلاشلىرى، بەش گاچا بارماقنىڭ ھاياجاندا شوئار توۋلاپ بىلجىرلاشلىرى ...

بەش قەبىلىگە پارچىلانغان بىر پۇت،
دورىلىق ئوت - چۆپتەك پۇت پۇرىقى،
تەر، مەھكۇملۇق، ئازاب پۇرىقى .
ئېگىزلىكتىن چۈشۈۋاتقان بەش شارقىراتما .
ھەر قېتىمدا بەش قېتىم ۋارقىرىغان پۇت .
ئەكس ساداغا تولغان ئاياغلار .
موزدۇز قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ
بىگىزنى تىقىپ شېئىر پۈتۈپ قويغان ئاياغلار .

ۋانگوگنىڭ كونا ئايىغىنى مەن
يەنە قويۇپ قويدۇم رەسىمگە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر پۇت كېلىپ كىيىشتىن بۇرۇن
بىركىم كۆرۈپ قېلىشتىن بۇرۇن .

ئايىغى قالدى مەڭگۈلۈك ئاياغ
ۋانگوك كەتتى يالاڭ ئاياغ
پەرۋەردىگار قېشىغا .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى



## سېھىردىن يېشىلىۋاتقان ئادەم

ھەممە نەرسە ھەر ياقتا
سېھىرلەندى ئاپتاپتا .

ئەسلىمدە يۈيۈلۈپ
چىقتىم سۈيۈق ئەينەكتىن
ئىزىم قالدى كارىۋاتتا .

ئاستا - ئاستا قويۇلۇپ
چۈش بولۇشقا باشلىدى .

بىر سودىگەر شۇ تاپتا
خورمىنى يەپ كىتابتا
ئۇرۇقنى تاشلىدى .
«بالام ئۆلدى بېسىلىپ»،
دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ
جىن جېدەلنى باشلىدى .

قۇياش يىرتىپ تاشلىدى
ئاسماننى ئەك ئىگىزدىن .
ئاپتاپ چىقىپ تاشلىدى
ئەينەكلەرنى دېڭىزدىن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدا
تۇرغان تۇكلۇك بىر كىشى
تۇخۇمنى ئالماقتا،
ئىسسىق ـ ئىسسىق سۆزلەرنى
ئاق قەغەزگە سالماقتا .

تېز سۈرئەتلىك يولدىكى
سېھىرلەنگەن چۆلدىكى
قارا گۈل بار تەرەپتە
ئۆلۈم ھىدى پۇرىدى،
قۇيۇن مىنگەن ئەرەبكە .

يول بويىدا مۈگدىگەن
يېشىل غەملىك ئۇيغۇرۇم
ئايلاندىڭمۇ دەرەخكە؟

چىدىغۇسىز غېرىبلىق
كەچكە يېقىن توختىدى
يۇزلەندىم ئاي تەرەپكە .

بېشىم ياڭاق، قولۇم شاخ
تۈن ساناقسىز قاغىدەك
ماڭا قاراپ ھەر ياقتىن
ئۇچۇپ كەلدى قاق ـ قاق ـ قاق ...

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

# مەنچاناق

ئېتىلدى غارتىلداپ سېپىل قوۋۇقى،
ئىدىقۇتنىڭ ئاپپاق ئۈپۈقى
ئاستا - ئاستا بولدى قان يۇقى،
كۆن پاتقاندا شەھەر ئىچىگە
يۇلتۇزدىن كۆپ ياۋ لەشكەر ئوقى .

مەنچاناقتىن تاش ئېتىپ پەسكە
قوغداپ قېلىش توختىدى تەسكە
ئىس ۋە كېچە ئۆرلىگەن شەھەر .

ئەتىسى سەھەر
ئېسىپ قويغاندا
شەرقىي قوۋۇقتا تەنسىز بىر باشنى
ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۇيغۇر لەشكەر
مەنچاناققا سالدى قۇياشنى .

سۇ ئەمەس سۇزۇك ۋاقىت كارىزدا
بۇ ئۆزۈك ھېكايە يىراق تارىختا .

2008 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

## پاتمچۇقنىڭ ئۆيى

ئۆينىڭ ئەمەس تالانىڭ
ساڭگىلاپ تۇرغان نەم، ئىسسىق تىلى
يامغۇردىن كېيىنكى تام يېرىقلىرى .

تالادىن كىرسەم ئۆيگە
بىر پاتمچۇق تۇرۇپتۇ،
تۇرۇپتۇ ئۇيقۇدىن يېڭى
پەنجىرىنىڭ يېنىدىلا ئۇ
يات قوۋمدەك كۆزىتىپ مېنى .

مەن ئوخشايمەن ئۇنىڭ مېھمىنى
ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى ئۇ
دەپمۇ قويماي مەرھەمەت قېنى،
ئىختىيارسىز سۇر باستى مېنى .

تېرىسى ئاق،
قوللىرى ئۇششاق
قارىشىپ قالدۇق خېلى ئۇزاق .

بىز ئىككى مېھمان بىر ئىگىمىزگە،
بۇ ئۆي ۋاقىتلىق ئۆتەڭدۇر بىزگە .
ئىككى غېرىب بىز زېمىندىكى
ئۆي تالادۇر ھەر ئىككىمىزگە .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى



## ئۆيدىكى دولقۇن

مۇھەببەتنىڭ ئاق دولقۇنلىرى
كۆتۈرۈلسە تېگىدۇ تامغا
قايتقىنىدا تېگىدۇ جانغا .

سۆيگۈ يوق ئۆي قۇپقۇرۇق ئۆيدۇر،
سۆيگۈ بولسا تەلدۇر توققۇزى.
ئۆيدە ئوت بار مۇھەببەت ئوتى،
ئۆيدە تۇز بار تۇرمۇشنىڭ تۇزى .

تۇرمۇش تاشلاپ قويار دولقۇنلاپ
بەزىدە سېنى ئۆز قارشىسىغا .
سەن يارىڭنىڭ قولدا ئاستا
قايتىپ كېلىسەن ئۆزۈڭ قېشىغا .

يىغلىغان يار يىغلىغان ئەمەس،
چىنە يىغلىسا تېشىدا يىغلار .
ئەينەك سۇنسىمۇ سۆيگەن دىل سۇنماس
سۇنۇقى نۇرلۇق ئوبرازنى يىغار .

ئەي ھاۋاقتى
ۋاقتى ئۆتكەن قىلچىڭنى پوقىقا چاپ،
ھەر كۈنى سەن ئۈچۈن مۇھەببەت ۋاقتى .

گۈلدۈرماملىق بىر چاقماق چاقتى،
تۆن كۆلۈمسىرەر كىرپىكلىرى ياش
ئېرەر مېھرىدە ئاي يۈز، قەلەم قاش.

سۆيگەن سۆيەر كىرپىكلىرى ياش
ئۆيدىكى ئادەم سۈزۈك ئېقىن سۇ،
تالادىكى ئىككى پۇتلۇق تاش.

شىر بالىسىنى چىشلەپ قايتقاندا،
ئورمان بارمىقىنى چىشلەۋاتقاندا،
دېڭىز تىنچىغان دولقۇن قايتقاندا
ئۆيدىكى ئادەم ــ ئادەم ۋە ھەۋۋا
ئىشىكى ئېچىلغان كۆك دېڭىزغا.

ھەۋۋا ئانا دېڭىز بويىدا
كۆك كەپتەرلەرگە چاچار ئىدى دان.
ئادەم دۇم يېتىپ قۇم كىتاب يازار
باللىرى خۇشال كىتابخان.

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## چىشى مۈشۈكنىڭ قۈيرۇقىغا قاراۋاتاتتىم

كوچىدا غېرىبلىققا قاراۋاتاتتىم،
قايتتىم ئاسفالت رەڭگىدىن تاشقا .
قايتتىم سۈدەك سۆيۈق بولغاچقا
يىلتىزىمدىن چوڭقۇرلۇقلارغا .

گۈگۈمنىڭ قىزىلىقىدا قىزىق بىر چوغ
پەرەنجىلىك قىز قايتتى قۇياشقا،
مەن يول بويىدا ئامان قالغان تاش
يولدىكى تاشلار ئۆلۈپ قالغاچقا .

مۈشۈك قۈيرۇقنى ئوينىغاچقا
تۆشۈك تام ئىچىدە ئويلىغاچقا
تۆشۈك تامغا قاراپ ئويلىدىم،
سايەم باشقا، سۆلكىتىم باشقا .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

# يىپەك يولىدا

يىپەك يولىدا
كېتىۋاتىمەن
قۇمدەك قۇرغاق
شامالدەك يۇمشاق .

يىپەك يولىدا شېئىرنىڭ
ھەرپلەر مەنە يۇكلىگەن كارۋان .

يىپەك يولىدا ئۆلۈمنىڭ
ئىسسىق بالىياتقۇ تەكلىماكان .
تېمىپ كەتكەن بىر تېمىم قۇياش
ئۆملەپ چىقار قىزغۇچ دۆڭلەردىن
ھەر سەھەردە بوۋاقىقا ئوخشاش .

يىپەك يولىدا ئۆزۈمنىڭ
كىرگەن يېرىم بىر خالتا كوچا
قالغان ئىزىم مىسرا ـ مىسرادا .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تىلىنى قاغا چوقۇغان ئادەم

تىلىنى قاغا چوقۇغان ئادەم
شېئىرىمىدىن چىقىپ كېتىدۇ،
ئاغزى گەپ يوقى،
كۆزى ياش يوقى،
ئۇ قاغىنىڭ تىلىدا قورۇق
بىر توپ ياڭاقنى يازماقچى تولۇق.

غازاڭلىرىدا يېشىل ياز يوقى
قەلىمى قەغەزدە كېچە يوقى،
قولى ھەر نەرسىدە غىرىبلىق يوقى.
تىلىنى قاغا چوقۇغان ئادەم.

تىلىنى قاغا چوقۇغان بالام
«دادا!» دېدى
چۈشەنمىدىم.
يىغلىدى،
ئىشەنمىدىم.

نان يېدى
لېكىن كۆنبويى روھى ئاچ يۈردى.
تىلىنى قاغا چوقۇۋالغان باي
ئارىمىزدا يالىڭاچ ئىدى.

قاغا قاقلدار ناخشا ئېيتالماس .
ناخشا ئېيتسمۇ ئاپتاپپەرەس
ئاۋازى سارغايغان،
چۈنكى ئۇنىڭ يۈزىنى
قۇياشتىن ئۆتنە ئالغان .

باشقا تىلدا بۇ شېئىر يالغان،
چۈنكى شائىرمەن تىلى چوقۇلغان ...

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توختىۋالسام بولاتتى

توختاپ قالسام بولاتتى
ياغاچ غىربىلىقتا ئولتۇرۇپ .
قاچان غازاڭ بولغان دەرەخ بۇ؟
قاچان غىربىلىق بولغان ئورۇندۇق؟

توختىۋالسام بولاتتى
ئاسماننىڭ يان ئىشكىدە
مېھرىبان ئىگەمگە قىسىپ بويۇن،
مەن توغرۇلۇق خەت ـ خەۋەر ئېلىپ
ئەزرائىل ئالدىراش قايتىشتىن بۇرۇن .

توختىۋالسام بولاتتى
ھېيتگاھنىڭ پەلەمپىيىدە
سىلىنماستا داۋزىغا قولۇپ،
يامغۇرنىڭ بىر تامچىسى بولۇپ
ئۇيغۇرنىڭ بىرقانچىسى بولۇپ .

توختاي دېدىم، توختىيالمىدىم،
مۇساپىر بولۇپ ئەرەب تىلىغا،
ئانا ۋەتەن، يوقلىيالمىدىم.

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

## چۈنكى پەرىشتىنىڭ ئايىغى يوق

يوق بۇ يەردە
تامدىن باشقا ئاۋاز،
تام تاتارغان، جىمجىت ئاۋازى
ئاۋاز توختىغان بۇزۇلۇپ سازى .

نىمىشقا قەلبىمنى ئاختۇرىمەن؟
كېچە ـ كېچىلەپ كىرپىك قاقماي .
غېرىب ـ مۇساپىردەك ئاھ ئۇرىمەن
ئىچىدە ئۆزۈم بار ئىشىكنى قاقماي .

گۈلدىن باشقا ئاۋاز يوق ئۆيدە،
ھاۋا رەڭ پەردىدە ئېچىلغان سۈكۈت .
قەلبىم ئېيتار: يالغۇزلۇقتا يار
ئاۋازلاردىن چىقىپ ئۇنى كۈت .

تۈن توپلاندى شېرىن سۈكۈتكە
پۈت بارمىقىڭدىن باشقا ئاۋاز يوق .
ماڭمىدۇق، بۇلۇتتىن ئۇچۇپ چۈشتۇق
بىز قىيپالىڭاچ، يالاڭ ئاياغ .
چۈنكى پەرىشتىنىڭ ئايىغى يوق،
چۈنكى خۇدا كىيمەيدۇ ئاياغ ...

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

## ئۆپكە ـ ھېسسىپ

بىر توپ ئۇيغۇر ياقا يۇرتتا
توغراپ، كېسىپ
چوكىدا قىسىپ
نېسىۋىسىنى يەۋاتقاندا،
بىز يېگەن
بىر لېگەن
ئۆپكە ـ ھېسىپ
سۆزلىمەكتە، داستىخاندا.

ۋەتىنى بار دىۋانىنىڭ
قورسىقى توق، كۆڭلى پۈتۈن،
«دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ
بىر بېتىنى بۇ تائام ئۈچۈن
ئاچتى بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي،
مىڭ يىل كېيىن كىتابنى ئاچتىم
ئۇيغۇر غىزاسىنى ئوقۇپ باشتىن.

بېشى يوق قوي سۆزلىمەيدۇ،
سۆزلىمەيدۇ بېشى بار قويمۇ.
سۆزلەر شېرىن قوينىڭ ئىچ ـ باغرى
ئىشتەي نەغمىسى ياڭرىدى خويمۇ.

ئۆپكەم ئۆرلۈدى ۋەتەن دېسەم
ماڭغىنىم يول ئەمەس يېگىنىم يېگەن
ئالدىمدا ئۆز ئۆپكەم قويۇلغان لېگەن .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com

## تونېلدىن ئۆتۈش

بىر توپ يۇلتۇز بىلەن تاغدىن چۈشۈپ
بىر تۈپ خورما بىلەن تەشمىدىن چىقسام،
ئۇشتۇمتۇت بۇزۇلۇپ قالدى ماشىنام
دېگەندەك گويا يوق ئىدى ماڭغۇم .

مەن تۈگىلىك ئەرەبتەك خۇشال،
يولدا قالدى مېنىڭ غەم ـ قايغۇم .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى



## جەنۇب يېرتىلىپ تۇراتتى

مەن شېئىرنى باشلىشىم بىلەن
كۆچكە تولۇپ چىققىلدى قەلەم،
جەنۇب قەغەزدە، جەنۇب بەك لەۋەن
يېرتىلىپ تۇردۇ ئىلھامىم بىلەن.

مەن توپىدا ئويناۋاتقاندا
سۇ ئۈستىدە سەكرەپ ئويناقلاپ
چوڭ بولۇشنى ئويلاۋاتقاندا
جەنۇبمۇ مەندەك جۆندەك ئىدى،
تامبىلىنىڭ يېرتىقىدىن
ئوغۇل باللىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئاپتاپتا كۆيگەن قارام يىگىتلەر
بۇقىدەك ئىپتىلىپ تۇراتتى.
چۈمبەل ئىچىدىن، گۈللۈك كىپچىدىن
جەنۇب يېرتىلىپ تۇراتتى.

جەنۇب يېرتىلىپ تۇراتتى
تاغلىرىدىن،
باغلىرىدىن،
ئىپتىلىپ چىققان ئەركەك سۇلىرى،
سۇغا تىكىلىپ تۇرغانتىم بىردەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇ كۆزۈمگە قىزىل كۆرۈندى،
سۇدىن قىزىلگۈللەر كۆرۈندى،
گۈلگە تولغان كۈنلەر كۆرۈندى ...

جەنۇب ئاسمىنىدا
قۇياش دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى،
ئاخشامدا يۇلتۇزلار چوقۇپ تۇراتتى ،
ئاچقاندا كەپتەرۋاز قۇمنى بەزى
كەپتەرلەر ئاسماندىن قورقۇپ تۇراتتى .
كۆردۈم
جەنۇب ئىچىگە قارا يوللارنىڭ
كىرىپ كەتكىنىنى مايلىق، شىلىمشىق .
ۋارقىرىشىنى ئاڭلىدىم زاۋۇتلارنىڭ
جەنۇبنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ
ساپ هاۋاسىدىن، يەر، سۇلىرىدىن
جەنۇب تۇراتتى يىرتىلىپ .

جەنۇب يىرتىلىپ تۇراتتى
پاتماي ئىچىگە گاز ۋە نېفتى .
تاغدەك دۆۋىلەنگەن پاختىلاردىن
قەۋەت - قەۋەت بىنالاردىن
يېيىشكە، كىيىشكە بولىدىغان
كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مىنالاردىن
ئىس هىدى كېلەتتى سانائەتنىڭ،
پۇرىقى كېلەتتى ئۇپا - ئەڭلىكنىڭ،
شەپىسى كېلەتتى غەلتە، يېڭى
بايلىقنىڭ، كېسەلنىڭ، تەڭلىكنىڭ .

«خۇدايىمنىڭ
بەزەن كۈنلىرىدىن ئۆرگۈلۈپ كېتەي،

بەزەن كۆنلىرىنىڭ قوڭغا تېپەي»
دەيتتى دېھقان تاغام مەتنىيازخان
كېۋەزلىكىگە يوقلاپ بارسام .

مەن جەنۇبتا تۇغۇلغان
يۇمشاق خەلقىم بىلەن،
قاتتىق تاغلار بىلەن
بوران، قۇم، توپا، يامغۇر ـ يېشىن
مېۋىلىك چۆل، گۈل ـ باغلار بىلەن .

مەن سۆيىمەن جەنۇبنى .

جەنۇب يىرتىلىپ تۇراتتى
كىيىۋەرگەچكە يىل بويى،
شىمالدىكى ئۆيۈمدە ئۇنى .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورى
www.uyghurkitap.com

## تۆكلۈك ئەر، تىكەنلىك ئايال

يۇمشاق ئېرىنى
ياخشى كۆردى
تىكەنلىك ئايال،
ئېرىقتا سۇ ئېقىۋاتاتتى
چىقىۋاتاتتى پەسىللىك شامال.

ئۆمرى تالاغا ئېقىۋاتاتتى،
ئۆيدىن شامال چىقىۋاتاتتى،
ئۆيدىكى تۆكلۈك ئەر، شوخلىق ئايال.

شىلدىرلاۋاتقان ئېرىق بويىدا
ھايات ئىشقى گۈل ـ چېچەك ھىدى.
خۇشپېقىپ ياتقان، مىدىرلاۋاتقان
تۆكلۈك ئەر بىلەن تىكەنلىك ئايال
بىر تال ماماكاپ ۋە كىرپە ئىدى.

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

# بىر سۆكۆتنىڭ ئەكس ساداسى

تۇرمۇشۇم قۇم،
ئايالىم ئالماقتا
ئۇچۇم - ئۇچۇم،
سالماقتا
خىرۇستال جامغا،
قەندانغا،
تىزماقتا يۇلتۇزدەك
تەكچىگە قويۇلغان
گۈللۈك ئاخشامغا .

تۇرمۇشۇم قۇم،
كىردىم قۇملۇققا
دېڭىزنى ئىلىپ.
خوتۇنۇم دېڭىز ئۆز چوڭقۇرىدا
چاقنىغان ئالتۇنبېلىقنى ئىلىپ،
بېلىق ئىسسىق قاراڭغۇلۇقتا
ئەركىلەپ، پىلتىڭلاپ، چايقىلىپ
باشقا دۇنيادىن قايتتى قېشىمغا .

قولۇم بېلىقنى تىڭشىدى
ئالتۇن قاسراقلىق ئۇيغۇرچە سۆز .
قولۇم بېلىقنىڭ پۇتىنى كۆردى
ئالقىنىمدا ئېچىلغان لىق كۆز .

خوتۇنۇم ئاشخانىدا
توختىدى سۆگەتتەك
ئىچىدە يۇمران كۆچەت،
تېشىدا گۈزەل كۆكلەم
قېشىدا مەيىن شامال مەن .

خوتۇنۇم ئايال بۇلاق
تەۋرىنىپ ئۈزمەكتە بوۋاق .
ئۇنىڭ يېڭى قەدەم تىۋىشى
بوسۇغامغا قالدى يېقىنلاپ .

بىر بىلىقنىڭ قەدەم تىۋىشى
بۇ قىرغاققا قالدى يېقىنلاپ،
سۇ ئىچىدە ئۇنىڭ دۇنياسى
روھتىن تەنگە سىزغان چىگراسى .

بوسۇغامغا قالدى يېقىنلاپ
ئالەمدىن كەلگەن
مەندىن قايتقان
بىر سۈكۈتنىڭ ئەكس ساداسى .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

## قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى

( بۇ شېئىر پەش ـ چېكىتسىز )

ئىسسىق تېرىسىگە
كىردىم تالانىڭ

پاتمىچۇق قارايدۇ
بېشىنى چىقىرىپ
سالقىن كاماردىن

ئارىمىزدا تام
كوچا ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل
ماڭسام مايماق
ماڭالماي چوڭقۇر
پاتمىچۇق كۆرۈپ قېلىپ
مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ
تىللىماقتا ناز قىلىپ
«سەت تاز! مايماق تاز!»

مىدىرلاپ نەم تىلى
پاتمىچۇق سايرىدى
«ئەسكى ئوغرى! سەت ئوغرى!»
تەنلىرىم يايرىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پاتمچۇق چۇكۇلدار
ئاپتاپنى مەدھىيەلەپ
مەن قارغايمەن ئاپتاپنى
شۇرۇلداپ تەرلەپ

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى



## قەشقەرنىڭ ئالدىراش ۋاقتى

تىلىمنىڭ ئىشكى ئېچىلدى،
سۆزلەر ئالما تاتلىقى سۆزلەر .
دىلىمنىڭ ئىشكى ئېچىلدى
كۆزۈمدە مۆلدۈرلەپ تۇرغان لىق كۆزلەر.
ھېيتگاھنىڭ ئىشكى ئېچىلدى،
بۇ ناماز ۋاقتى
ئۇيغۇر ئاقتى
كوچا ـ كوچىدىن،
پەشتاق ـ پەشتاقتىن،
ئاسماندىكى گۈللەر بار ياقتىن،
مەيداندىكى ئۆلۈم يوق جايدىن،
تۆت كوچىدىكى قىزىل چىراغدىن
قوڭالتاق سۇ خالتا كوچىغا
تاشلىۋەتكەن سۇزۇك ئاياقتىن،
ئەمدى سىپسىق، سۇيۇق ئاياقتىن
ماڭدى كىشىلەر ئەڭ پاكىز يەرگە .

نەقشلىك تاملار سۇكۈتتە ئاڭلار
ھاسىلىق مۆتىۋەر چىقتى مۇنبەرگە .
بۇ كۈز ۋاقتى
ئۇيغۇر تىلىدا

بۇ قەشقەرنىڭ ئالدىراش ۋاقتى .
تېرەكنىڭ قۇچىقىدا ئالتۇن بوۋاقلار
يەر ئانا ئۇن ـ تىنسىز قوينىنى ئاچتى .
ئېرىقلار غىڭشىيدۇ مۇڭلۇق مۇقامغا
بۇ ئاق قوناقنىڭ سارغىيىش ۋاقتى.
ئىشلەمچىلەر غازاڭدەك ئالدىراش
سايلىرى ئۇزۇن ھاڭۋاقتى .

بىر چۈن قىزغۇچ قانات قاقتى
يولدىكى مايلىق تاشقا قونۇپ،
مېڭە قېتىقمۇ قالغان ئۇيۇپ؟
شوراشقا باشلىدى ھۇزۇرلىنىپ .

ئادەملەر غېرىبلىققا ئالدىرىغاندا
ئادەمگە توشتى ھېيتگاھ ئالدى،
بىز ئۆلۈمگە ئالدىرىمايمىز
ئالدىراش بولسىمۇ قەشقەرنىڭ ۋاقتى .

كۆرمىدىم تېرەك كېيىنگەن قاچان؟
كۆردۈم ئالتۇن رەڭ سالماقتا كېيىم .
كۆردۈم كىشىلەر مەي باغلاپ پىشقان
تېرىسى غېرىبلىق، مېۋىسى شېرىن .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

## دېرىزىدە يۈزلەر بار

مەن روجەكنى تاڭغا ئېچىپ
كۆردۈم قۇياش بوپتۇ شېھىت .

يۈزلەر تولدى پەنجىرىگە،
ئايان بولدى قايسى يىگىت؟

ئاشىق بولبۇل چۆچۈپ كەتتى
تۈندە يوپۇرماقنى ئېچىپ،
گۈلنىڭ يۈزى كەتكەن قېچىپ .

كۆرۈپ قالدىم بىر قارا يۈزنى
دېرىزەمنى يېپىۋېتىپ .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كاۋا مانتىسى

كاۋا
كاۋا بولدى
باراڭدا .

كاۋا
مانتا بولدى
قولاڭدا .

سەن ئەتكەن كاۋا مانتىسى
قاسقاندىن ئۆزى چۈشۈپ
داستىخاندا ماڭماقتا،
ناز ـ كەرەشمە بىلەن ماڭماقتا .

ئۇيغۇر ئىجاد قىلغان بىر غىزا
ئۇن ۋە كاۋىغا قىلدى جان ئاتا .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

# نېمشقا پىياز توغرايسەن

سەن نېمشقا يىغلايسەن؟
نېمشقا پىياز توغرايسەن؟

سۆيگۈنى چۈشەنمەي يىغلاتسا پىياز،
نېمشقا ئۇنىڭغا ئۇستاز بولمايسەن؟

ئىچى بوش قات ـ قات كىيىنگەچ پىياز
توغرايسەن تۇرمۇشتا سۇرۇپ قوغلايسەن .

چايقىدىڭ پىيازنى، يۇيۇلماقتا سۇ
پاكلىقنى مانا شۇنداق قوغدايسەن .

ئوتى بار قەلبتەك قىزىدى قازان
تاشلاپ ياغقا گۈل ئاچقىن دەيسەن .

تۇرمۇش ــ دىمىق ئۆي، ئاچتىڭ بىر روجەك
ئاپتاپنى باشلايسەن، بۇسنى ھەيدەيسەن .

پىياز ئاچچىق ئىدى، شېرىن تەم كىردى،
ئامرىقىم شۇ تەمنى مەڭگۈ بەرگەيسەن .

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## شائىرنىڭ تىلى

ھەسرەت ئىچىمدىن چىقتى چېچەكلەپ...
چېچىكى يىگلەپ شېئىر بولغاندا
قىزىرىپ كېتىمەن قىزىل ئالمىدەك
ئۇيغۇر تىلى ئالدىدا .

شېئىر سىرتىدا يامغۇر ياغماقتا،
سۆزلەر پاناھ تىلەپ ئىشىك قاققاندا
باشلاپ كىرەلمىدىم يۈرەك قېتىمغا
يۈز كېلەلمەيمەن ئۇيغۇر تىلىمغا .

تاش سۈكۈتتىن يېنىپ چىققاندا
سۈكۈت تاشنى يېرىپ چىققاندا
ئىپادىلەشتە بولسا خاتايىم،
سۆرگۈن قىل مېنى تەكلىماكانغا
ئۇيغۇر تىلى، ئەي، پادىشاھىم!

چىللاۋاتسا سۇدا بىر خوراز
تارىمنىڭ قىزغۇچ دولقۇنلىرىدا
تاڭ قۇياشى دېمىسەم ئۇنى
قان قىلىڭلار ئانا تىلىمغا .

پەيغەمبەر مۇسا
قولىدا ھاسا
ئۇرغاندا تاشقا
تاشتا بۇلاق،
بۇلاق قۇرئاندا.
بۇلدۇقلىغان ئانا تىل بىلەن
بۇلار ماڭا ئايان بولغاندا
تاشتەك تۇرسا ئېرىمەي قەلبىم
گۇمانىمنى دارغا ئاس خەلقىم!

ئۇيغۇر تىلى مىنگەندە ئاتقا
باغلاپ كەلگىن ئاسىي ئۈزۈمنى،
باغلاپ كەلسەم گۈلنى شامالغا
گۈل ياپرىقى دەيمەن ئۆزۈمنى
ئانا تىلىم يىلتىزدۇر جانغا .

شېئىرىمدا سۇ ئۈزسە بىر قىز
يا ساھىلدا يالىڭاچ ياتسا
يۇرىقىدىن مەست بولسام ئۈنسىز
بۇ گۈل بەدەن پېشمىدىن تارتسا،
ئۇيغۇر تىلىدىن خىجىل بولمەن،
كېتمەن ئۆز يولۇمغا ئاستا .

ئاپتوبۇستا ياكى كوچىدا
كەسكەن قىلىچتەك باشقا بىر تىلدا
يارىلانسا سۆز ـ جۈملىلىرىم،
ئۇيغۇر تىلىدىن خىجىل بولمەن
مەن ئاقساق ـ چولاق، كۆڭلى يېرىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر تىلىدىن خىجىل بولىمەن
ئىلتەرىش خاقان ئويدۇرۇپ يازغان
مەڭگۈ تاشنى ئوقۇيالمىسام،
ھەجىلەپ ئوقۇسا يامغۇر ۋە ئاسمان .

يەر شارى كەنتىنىڭ تېز پويىزىدا
كىم سەن ئەي كىشى
تىلىمنى توغراپ ساندىۋىچ[1] يېگەن؟
ئەتىر شىپشىسىدەك تاشلاپ تىلىمنى
كىم سەن يات تىلدا جورقىرىتىپ سىيگەن؟
ئىنگلىز تىلىمۇ قايسى نايناق ئۇ؟
ۋاگونمۇ ۋاگون، شەھەرمۇ شەھەر
ئاخىر مېنىڭ كەپەمگە كىرگەن؟

مەن سۇ
دېرىزەمنى چېقىۋەتمەڭلار
ئۆزۈم ئېقىپ چىقاي .

مەن قۇلۇلە
قېپىم ئەما
كۆزلىرىمنى ئويۇۋەتمەڭلار.
چانىقىم قالسۇن چولپان يۇلتۇزغا
دولقۇنلارغا قويۇۋەتمەڭلار .

مەن كەم تېپىلىدىغان ئادەمگىياھ
مېنى لويلا ئوت بول دېمەڭلار .
مەن ئاز ساندىكى مۇشۇكئېيىق،
باقمساڭلارمۇ، تۇتۇپ يېمەڭلار .

---

[1] ساندىۋىچ ــ غەربچە قاتلىما.

تاشقا مۆجىزە تاش بولغانلىقى
دېگىنىز بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا،
ئادەم بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا،
ئالەم بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا .
بىز بىر تېپقۇ، سۆزلىشەلەيمىز؟
يوق ئارىمىزدا ئوت ۋە سۇ چېگرا .

ھويلىسىنىڭ كەينىدە دېھقان
نېفىت كولاۋاتقان ئىشچىلارغا
بىر سېۋەت ئۆرۈكنى قىلىۋالدى پۇل.
ئۆزى ئۆستۈرگەن تىل دەرىخىنىڭ
مېۋىلىرى يوق قايتتى قۇرۇق قول .

بىر ئۇيغۇر پۇقرا
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى كىيىپ
ئولتۇراتتى مۇزدەك پەشتاقتا،
قىپيالىڭاچ باشقا ئۇيغۇرنى
كۆرۈپ قالدى لۆم ـ لۆم پىكاپتا .
ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى شۇ ئانلا
ئۆز كىيىمى بولغانلىقىدىن .

مەن خىجىل بولىمەن يالىڭاچلىقتىن.
بارىمەن ھەتتا
شىۋىتسىيە پادىشاھى ئالدىغا
سېۋىن ھېدىن تارىمدىن قازغان
ئۆلۈكنىڭ جەندە ـ كۇلاھى بىلەن.
بۇ مېنىڭ يول خېتىم،
بۇ مېنىڭ سالاھىيىتىم،
بۇ مېنىڭ ياشاش گۇۋاھنامەم

يەر شارىدىكى،
بۇ مېنىڭ ئىچ كىيىمىم
پەرۋەردىگار بەرگەن.

مەن شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزلەيمەن
يامغۇر ئۆز تىلىدا سۆزلىگەندەك،
مەن شۇ تىلدا سۆزلەيمەن
تەگىرىتاغلىرى سۆزلىگەندەك.

بىراق، ئۇيغۇر تىلىم ئالدىدا
خىجىل بولىمەن ياۋا ياغاچتەك
ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىگەن ئورمانغا.
بۇرچۇمدىن چۈمۈلىدەك كىچىكلەپ
سورايمەن ئۆزۈمدىن نېمە قىلدىم دەپ
تۆپەمدىكى زور ئاسمانغا.

يۈز كېلەلمەيمەن، ئەي شېئىرىي تىلىم
شەنىڭگە لايىق ئىش قىلالمىدىم،
لايىقىڭدا ئىش قىلالمىدىم ...

2008 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككى ئادەم ئۇچراشسا ئەگەر

ئادەمزاتسىز چۆل ـ جەزىردە
ئۇچراشسا ئىككى يات دىن مۇخلىسى
سالام قىلىدۇ ھەر ئىككىلىسى،
گۈلنى گۈل دەيدۇ، قاغىنى قاغا
ئادەم ئاتىنىڭ بىر تىل شېۋىسى .

ئەگەر ئۇچرىسا يۇلتۇزلار ئارا
بىر ئۆلۈككە بىر تىرىك ئادەم
سالام قىلىدۇ ئاسمان تىلىدا
قوبۇل قىلىدۇ ئۇلارنى ئالەم .

تاش ئۇچرىسا بىر مۇسۇلمانغا
مەككە شەھرىدە ئۇلۇغ قارا تاش
ئاسمان خەۋىرى ئۇنىڭ دىلىدا،
سالام قىلىدۇ قۇرئان تىلىدا .

ئاسمان ئاز قالسا بىر تۈپ دەرەخكە
ئورنىدىن قوزغالغان قۇياش ئېيتىدۇ:
كەل، ئەي تەقۋادار! ئىنسانلىنى قۇتقۇز
ئادەمنى دوراپ شاللاق، باشباشتاق
يۇلتۇزلار تاپتىن چىقىپ كېتىدۇ،
خەتەر ئاستىدا كۈن، ئاي، يەر، يۇلتۇز...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككى ئادەمنىڭ، پۈتۈن ئادەمنىڭ
دەرەخ كېسىشى، قەغەز ياسىشى
يەرنىڭ ئىسسىشى باشقا ـ باشقا گەپ
توپانغا بۇ بولالماس سەۋەب .
ئىنسانىيەت چىققاندا تاپتىن
ئەرشنىڭ تەختى كېتىدۇ تەۋرەپ ...

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى



## سۆزلەۋاتقان تاجسىز ھۆپۈپنىڭ يېنىدىن قايتتىم

بۇ شېئىردىن قايتىش ئەمەس
سېھىردىن قايتىش،
ئىككى تىل ئارىسىدىكى
سېمونت يەردە .

بۇ تىلىمدىن قايتىش ئەمەس
تېز سۈرئەتلىك يول بويىدا .

ماشىنىلىق بېرىپ
پىيادە قايتتىم
قاتناش ساقچىسى يېنىدىن.

بېشى بار
بېشىدا غىچ تۈكى بار
ھۆپۈپتەك تاجى يوق
يالاڭباش ساقچى يېنىدىن
قايمۇقۇپ قايتتىم بىردىن .

قايتتىم گاڭگىراپ
رامزاننىڭ بىرىنچى كۈنى
مەككىنىڭ بوسۇغىسىدىن.

تىل ئورتاق بەلگە ئادەملەر ئارا
ماشىنىلارغا باشقا بىر بەلگە .
باشقا بىر تىل بۇ شەھەرگە،
ھەربىكەتتىكى ئالەمگە يەنە .

ھاياتلىقتا ئورتاق بىر بەلگە
توختىتىلدۇ چۈشەنمەيۋەرسە
ماشىنىمۇ،
ئادەملەرمۇ،
يەر شارىمۇ .

بىر كىچىك يامغۇر تامچىسىمۇ
بىر تېمىم نۇقسان يوق كائىناتتەك،
كائىنات تامچە ـ تامچە يۇلتۇز بىلەن
چاقناپ تۇردۇ ئەبەدىلئەبەد .

بىز تۇرغان كۆك يۇلتۇزدىن باشقا
بىر تامچىمۇ سۇ بولمىغاچقا
بىر تېمىم ئادەم ملك، مىليون بولۇپ
يەر شارىغا تولۇپ تۇرغاچقا،
تامغانسېرى ئۆيلىغانسېرى
تامچە ئايلىنىپ كېتەر ئالەمگە
باشقۇرغۇچىنىڭ باشقۇرۇش سىرى
سىرلىق بەلگە بولۇپ ئالەمگە .

بىز شۇڭا بولدۇق مىستىتىسزمچى،
مەڭگۈ ئۇستاز ئەمەس ئوقۇغۇچى،
بىر ھەرپ، بىر ھەرپتىن ئوقۇغۇچى
ئادەمنى، ئالەمنى، بارچە نەرسىنى،

ئوقۇغانسىرى يوروۇغان ئۇچى،
ھەيرانلىق، قايىللىق چۇلغاپ قەلبىنى .

بىز شۇڭا بولدۇق مىستىنتىسىزمچى،
بىلدۇق ھەممىنى بۈيۈك بەلگە دەپ .
بۈزغۇچى ئەمەس سىرلىق بەلگىنى
ئوقۇماقتىمىز ئاستا، ھەجىلەپ .

بىز مىستىنتىسىزمچى دەپ ئاتالغان
مۇسۇلمان
يەھۇدىي
خىرىستىيان
بۇددىست
باشقىسى ياكى
بۈزۈلۈپ سىرلىق ئاتوم يادروسى
بىر تامچە سۇ ھالاك بولغۇچە
ھالاك بولغۇچە يەر شارى تاكى .

مەن مۇساپىر
مەن بۇ تىلغا مۇساپىر،
كىتابۇللانى چۈشىنىپ غۇۋا،
ئۆمرىگە ماڭغان مىستىنتىسىزمچى
ئالالانىڭ شەھرىگە ماڭغىنىمدا مەن،
ئالا چاپانلىق قاتناش ساقچىسى
ئەرەب تىلىدا قايت ئارقىڭغا دەر .

ھۆپۈپمۇ ئالا چاپان كىيەر
مەن ھۆپۈپنى ئادەم دېگەندە
كۆزۈمگە ئۇنىڭ تاجى كۆرۈنمەس .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساقچىنىڭ كۆزىگە مەن كۆرۈنگەندە
تۈزۈم كۆرۈنەر، ئىگەم كۆرۈنمەس،
ئادەمگە ئۆز تۈزۈمى كۆرۈنگەندە
ئالەمنىڭ تۈزۈمى، بەلگە كۆرۈنمەس.
ھەربىر كىشى ئۆزلۈك ساقچىسى
مىستىتىسىزمچىغا ئۆزلۈك كۆرۈنمەس.
مىستىتىسىزمچى بەلگىنى كۆرەر،
سىرلىق كۆلەر، سىرلار بىلەن مەست.
ياراتتى بارلىقنى مېنى كۆرگىن دەپ
ئاللانىڭ شەھرىدە ئاللا كۆرۈنمەس.
ھۆپۆپنىڭ كۆزىدە ھەممىز ھۆپۆپ
ساقچىمۇ ھۆپۆپ ئۆز تىلىدىكى.
ئەقلىدىن ئىنسان كىيمىسە تاج، بۆك
ئۆزگىگە باقسىمۇ كۆرۈنەر ئۆزى.
مىستىتىسىزمچى ئەينىكى دۇنيا
ئۇنىڭغا باقسا ئۆزى كۆرۈنمەس.
ئادەم تاش، تۇپراق، ھەر نەرسە سۆزلەر،
سۆزلەر مەۋجۇتلۇق، سۆزى كۆرۈنمەس.

بىر تىل سۆزلىمەكتە پۈتۈن ئالەمگە
ھەر نەرسە سۆز — مەنىلىك بەلگە.

* *

مەن ئۆز تىلىمغا پادىشاھ ئىدىم
بولدۇم مۇساپىر، بۇ تىل، بۇ يەرگە.
ئەرەب ساقچىدىن قايتۇرۇلدۇم
كىرەي دېگەندە ئۇلۇغ شەھەرگە.

بۇرۇلدۇم چۈشەنگەن بىر تىل بىلەن
ئۆزۈم چۈشەنمىگەن يورۇق كوچىغا .
بۇرۇلدۇم ئالەمگە شەھىرى مەككىدىن
ئايلىنىپ تولۇق مىستىتسىزمچىغا .

2008 ـ يىلى9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى



## سۆزلەۋاتقان تاغلار

خاتا سىزىلىنغان
مەككىنىڭ بەزى تاغلىرى
ھەرەمگە يانمۇيان قىلىپ،
تۇغرىلىماقچى ئۇلار كىلىپ:
ئىنژىنىر بىر چىرتيوژنى ئېلىپ،
مىليونىر پۇل چىكىنى ئېلىپ،
ھۆركىرىگەن زەنجىر تاپانلار
قورام تاشنى تۇزلەپ، ئىتتىرىپ...

قورقۇپ كەتتىم
مەككە تاغلىرى سۆزلەۋاتقاندەك .
ئىنسان قىلار پىتنە ـ پاسات گەپ،
تاغلار سۆزلەر، ئېھ، رەببىمىز دەپ .

پەيغەمبەر كىلىپ
غارغا كىرىپ
ئولتۇرغاندا ئىبادەت قىلىپ
گۇۋاھ بولغان مەككە تاغلىرى
ئەكس سادا قايتۇردى بەلكى...
يارىلانغان بۇ تاغلار ئەمدى
تۇرماقتا ئەرەبچە سۈكۈت قىلىپ.

سۆزلەي دېسەم يۈگۈرۈپ بېرىپ
مەن بۇ تىلغا مۇساپىر ـ غېرىپ .

ئالەم تۆۋرۈكسىز بىنا قىلىنغان،
ئاسمان قەۋەت ـ قەۋەت سېلىنغان .
ھەربىرىدە بىر ھېكمەت بىلەن
زېمىندا تاغ، دەريا قىلىنغان
باشقا تاغلار ئۇلۇغ قىلىنماي،
بىزنىڭ تەڭرىتاغقا قىلىنماي
كەبە مۇشۇ تاغقا قىلىنغان .

ئالەم خاتا، توغرىلانماقتا،
ئادەم خۇدا ئۇلۇغلانماقتا،
قورام تاشلار ئوغرىلانماقتا،
تاغنى يۆتكەپ بىنا سېلىنغان .

ئۆز ئەسرىم مەن يازغان شېئىر،
مەنسىنى ئۆزۈم بىلمەن .
ئاقساقاللىق قىلما ئوقۇرمەن،
نەگە چېكىت، پەشنى قويىمەن .

تاغ ئاللانىڭ سۆزى، ئەسرى
تاغنى ئۇلار ئارتۇق دەپ چاغلار .
ئەي مۇھەندىس سەنمۇ تەھرىرى؟
كەبنى ئايلىنىپ يىغلايدۇ تاغلار .

مەن يىغلىدىم ئۇيغۇر تىلىدا
مەككە تاغلىرى سۆزلەۋاتقاندا
ئايلاندى يۈرىكىم تاشقا بىردىنلا .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىمزا

كۈندۈز ئاپپاق بىر ۋاراق ئىدى
قارا سىياھ تۆكۈلۈپ كەتتى .

قۇياش كۆيۈۋاتقان شېئىر ئىدى
ئۈنىڭ تەپتى بىزگىچە يەتتى .

سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئوقۇۋاتسام
ھەربىر ئىسىم قۇرئاندىن چىقىپ
مەۋجۇتلۇققا چىقىپ بارلىق
نۇرلۇق ئىمزايىڭنى كۆرسەتتى .

مەن قۇياشنى ئوقۇپ بولۇپلا
يۆگىۋالدىڭ ئاخىرقى بەتنى.

تونۇيمەن كۈندۈز ئۆز ئىمزايىڭدا
ئاق سىياھتا يېزىلغان خەتنى .

2008 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

# كېچىگە سۆزلەۋاتقان ئادەم

بىر تال قىزىق چوغنى تاشلىدىم
ئوتتۇرىغا كېچىنىڭ .

ماشىنا چەيلەپ ئۆتكەن مۈشۈكنىڭ
تېرىسىدەك بىر ئاۋاز،
تېرىسىنى تاشلاپ كىشىلەر
باشلاپ ماڭماق بولار ئۆلۈمگە .

ئاچ باشاقلار قوغلاپ كەلمەكتە
قېچىپ كەتتۇق كىتابتىن چىقىپ،
كېچە — ئەينەك ئۆيىمىز بىزنىڭ .

بۈركۈت ئۈچۈپ كەلدى رەسىمدىن
قورقۇنچلۇق يانار كۆزلىرى،
كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم چىڭ .

قورشىماقتا روھىمنى ئاسمان،
ئۆيئىچىدە پالاقلار تېنىم،
كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم چىڭ .

تۈن كېچىنى ئۆتكۈزمەكتە تام،
بىر جام زەھەر ئىچمەكتە يىلان
كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم چىڭ .

www.uyghurkitap.com

بوغاز كېچە ئۆيىنىڭ ئىچىدە
مەن كېچىدىن باشقا كېچىدە .

ئاخىرىغا كېچىنىڭ
سېنى ھىلال ئايدەك تاشلىدىم،
ئارقىدىنلا روجەك ئالدىدا
شېئىر بىلەن تاڭنى باشلىدىم .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

## ئۆينىڭ تۆت پۇتى

كىرسەم ـ كىرمىسەم
ئۆيۈم تۇرار جىم
تۆت پۇتى بىلەن،
ئىككى پۇتىدا گۈللۈك گىلەم،
ئۈچىنچىسىدە بىر تالمۇ گۈل يوق
تۆتىنچىسى تام ـــ تۆتىنچى پۇت .

ئۆي ئۆرە تۇرار
تۆت پۇتلاپ
يوقلۇققا قاراپ
مىڭىپ كەتكۈچە .

ئاسمان ئۆرە تۇرار
قىيامەتكىچە .

ئالەم كاتتا ئۆي بىرمۇ تۈۋرۈكسىز،
بۇ ئۆيىنى سالغۇچى ئەمەس لېكىن بىز .

ئۆيلەردىن يۇلتۇزغا كۆچۈپ يۈرىمىز،
پۇتلىرىمىز توپا ـ چاڭ بەزەن .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

## كىرپىكلىك سۆز

سۆز مېنى كۆرەلمىدى،
چەكچىيىپ قاراۋەردى
«كۆز» دېگەن سۆز قەغەزدە .

مەن سۆزنى كۆرۈپ
پۇراپ، تۇتۇپ، سۆيۈپ
شېئىر يازىمەن .

ئالەمنىڭ ئەي كاتتا شائىرى
توق قاپىيەلىك شېئىرىڭدىكى
كىرپىكلىك بىر سۆز مەن،
كۆرەلمەس سېنى كۆزۈم .

بىردىنلا ماڭا چۈشتى نەزىرىڭ
ۋاللىدە يورۇپ كەتتى ئىچىم .

مەن سالام بەرگەن تاشتىن سورىساڭ
مىستىنتىسىزمچى شائىردۇر ئېتىم .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۈچ مىسرالىق شېئىر

ئاي ئايدا يالغۇز ئىدى،
كۆن يورۇتۇۋەتتى ھەممە يېرىنى .

سۇنىڭ دېرىزىسى ئوچۇق ئىدى
چۈشتى ئۇدۇل ئاي نۇرى .

مېنىڭ كۆڭلۈم تۇرغاندا ئوچۇق
تاشلىدىڭ نىگاھ بولدى يوپيورۇق .

ئاي، سۇ، ئادىل
ئۈچى بىر ئەينەك
ئۆزىدىن ئۆزگىنى ئەكس ئېتىشتى
ھاياتى سىرلىق يورۇپ كېتىشتى .

2008 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تامدا بىر شوتا بار

تامدا بىر شوتا بار،
تامدىكى شوتىنىڭ بالداقلىرى قار .
قاغا قاردا كۆزەتمەكتە:
قاردا كەتكەن ئادەمنىڭ ئىزى،
تامدا تۇرغىنى ئاپپاق ئۆزى .

قاغا كۆزىتىپ، كۆزىتىپ
دۇنيانى بىلدى ئاخىرى،
قاغا خەت يازدى پۇتلىرى بىلەن
يازغان كىتابى ئاق ئىدى .

قار ۋاراقلىدى
پەلسەپە كىتابنى .

قار قارنى ئوقۇپ،
قاغا ئۆزىنى ئوقۇپ،
بولدۇ پەيلاسوپ .

تامدا بىر شوتا بار،
تۆت تام ئىچىدە تۇرغان بىر ئادەم
كىچە ـ كۈندۈز ئىبادەت قىلار،
يوقلۇقتا يۈزلەنگەن، ئالدىدا ئالەم .

ئىشىنەر ئۆيدىكى ئادەم ھەمىشە
ئۆزىگە، ئەمەس باشقا نەرسىگە .
چوقۇنغان بولسا بىر تۈپ دەرەخكە
ئاسماننى كۆرسىتەر دەرەخنىڭ ئۇچى
ئاسمان يۈزلىنىپ تۇرىدۇ يەرگە .

بارلىق ئۆزىدىن باشقا نەرسە .
ئۆيدىكى ئادەم مىستىتسىزمچى
سېغىنىدۇ بىر ئىگىسىنى
قارىنىڭ، قاغىنىڭ، جىمى رەڭلەرنىڭ .

تامدا بىر شوتا بار،
ئۆگزىگە چىققىلى بولىدۇ،
چىققىلى بولىدۇ ئاسمانغىمۇ
لېكىن ئاسماننى بولماس تۇتقىلى .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

## ئاسمانىنىڭ گۈلى

يەرنىڭ گۈلى بىز،
كۈن ــ كۆكتىكى گۈل.

ئالەمنىڭ گۈلى،
ئادەمنىڭ گۈلى،
گۈللەرنىڭ گۈلى ــ
پىنھان ئىگىمىز.

كۆرۈش ئۈچۈن مەنىنى يىگى
سۆزلەر بىلەن كىيىم تىكىمىز.

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

# قارا رەڭلىك مىستىنتسىزمچى

قاغا قاغا بولغاندا
قورسقى تاراقلاپ ئېچىپ كەتتى،
يېگىلى كور ياڭىقى بولدى .

قاغا پەيلاسوپ بولغاندا
كېچە ئۇنىڭ تامىقى بولدى،
كۈندۈزنى چوقۇپ قويۇپ قېچىپ كەتتى .

قاغا مىستىنتسىزمچى بولغاندا
تىلىدا ئىلاھىي تىلى بولدى،
دىلىدا ھەزىم قىلىپ ئاق ـ قارىنى تەڭ
دۇنيانى شاد ـ خۇرام چېچىپ كەتتى .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قۇشلاردىن خەت كەلمىدى

مەن بۇگۈن ئۇزاق جىمىپ كەتتىم
قەلبىم كۆزدىكى دەرەخنىڭ قەلبى .
ئوقۇيمەن سارغايغان غازاڭلارنى
قۇشلاردىن ماڭا بىر خەت كەلمىدى .

سۇدەك خىيال سۇرەرمەن ئەمدى
سۇدا قۇياشنىڭ يىرتىق خېتى .
بىر كۈن ياشىدىم ئۆلۈك دېڭىزدەك
كۈندە شاۋقۇنلاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

قۇشلاردىن بۈگۈن مەكتۇپ كەلمىدى
يىراقلارغا تىكتىم كۆزۈمنى،
ئوقۇدۇم كۈزنى قايتا ـ قايتا،
ۋاراقلىدىم سارغۇچ ئۆزۈمنى .

خەت كەلمىدى خۇدادىن ماڭا
دۇنيا بۈگۈن ئاغزى ئېتىك خەت.
كەت يېنىمدىن بارچە مەۋجۇدات
كۈتەي خەۋەر يوقلۇقتىن پەقەت .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

# يامغۇر يازغان خەت

ئاسماندىكى نۇر دەرىخى
گۈلدۈرلىگەن چاقماق بىلەن
قومۇرۇلدى يىلتىزلىرى،
چۈشتى يەرگە ئېرىپ ـ ئېرىپ
مەي باغلىغان مېۋىلىرى .

چۈشتى توك ـ توك مېۋىلىرى
قېشىمغا،
بېشىمغا،
بۇ غېرىبلىق .
يەرنى يامغۇر بېسىپ كەتتى
سۇ غېرىبلىق .
چىقىۋالدۇق كېمىگە
ئەگىشىپ كىمگە؟

تەندىكى چاقماق —
بىر تامچە ئادەم .
بۇ ئېگىزدىن پەسكە ئاقماق
يۈندى ئازگىلدا بىرقانچە ئادەم .

بۇ بىر گۇناھكار قوۋم
نەزىرگە ئاتىغان

www.uyghurkitap.com

قارا قويدەك .
بۇ قۇملۇقتىكى دەپنە مۇراسىمى
ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان خۇددى تويدەك .

مەن ئۆيۈمدىن قېچىپ چىقىپ
ئادەملەر ئارىسىغا كىرىۋالدىم .
دالدا ئىزدەپ چىقىپ غېرىبلىقتىن
يامغۇرغا كىرىۋالغان مېنىڭ خەلقىم .

ئۇسساپ كەتتىم
سۇغا ئەمەس،
قۇمغا ئەمەس،
كۆك ئاسمانغا...

ئاسمان تېمىم - تېمىم يامغۇر بولۇپ
مەڭگۈلۈكتىن چۈشمەكتە ماڭا .

2008 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# يۈرىكىم چىكىلداپ تۇرغان سائەت

ئالەمنىڭ سوقۇۋاتقان يۈرىكى بىز،
قۇياش بىز ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەك،
چىكىلدىغان سائەت يۈرىكىمىز
كائىنات بىز ئۈچۈن ماڭغان سائەت.

ئاللانىڭ
ئۆيىدە
بىز.

چۈنكى، ئاللانىڭ ئۆيىدە بىز
ئايلىنىمىز كېچە - كۈندۈز
ئالدىمىزدا كۆيگەن قارا تاش.

ئاللانىڭ ئۆيىدە كېچە - كۈندۈز
ئايلىنار كۈننى يەر شارىمىز
قۇياش بىز ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان تاش.

ئالەم توغرىلانغان بىر سائەت
زاپچاسلىرى كۈن، ئاي، يەر، يۇلتۇز،
سائەتتىكى بىزنىڭ ۋاقتىمىز.

www.uyghurkitap.com

ئاللانىڭ ئۆيىدە بەيتۇللادا بىز
ئالەمنى توختىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن،
سائەتكە قارشى ئايلانماقتىمىز...

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى



# ئاي ــ ئەڭ چوڭ مستنتسزمچى

ئارىسىدا ئاي بىلەن كۈننىڭ
باشلاپ ماڭدى بىر ئاۋاز بىزنى .
ئاينى كۆرۈپ بولدۇق روزىدار ،
ئايغا ئاچتۇق ئىشىكىمىزنى .

ئاي ئايىنىڭ ئۆيى ئەمەس ،
ئاي ئايىنىڭ ئۆزى ئەمەس ،
بىر مەنبەنى ئەكس ئېتەر ئاي
ئاي ئەڭ چوڭ مستنتسزمچى .

بىز ئەڭ كۆپ مستنتسزمچى
يەردىكى ،
ئايغا توغرىلىغان سائىتىمىزنى .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

## سايىسىدىن قورققان ئادەم

ئۇلۇغ تەرىپىمدىن شامال كېلىدۇ
كېتىدۇ ئەگىشىپ توپ ـ توپ ئەرەبكە .
سول تەرىپىمدىن جىمجىتلىق كېلەر
ئۇيغۇرچە سۆزلەپ كۆيگەن دەرەخكە .

سول تەرىپىمدىن ئاۋاز كېتىدۇ
قۇياشتىن چۈشكەن سىرلىق بىر ئادەم .
سايەم پىچىر ـ پىچىر قىلىدۇ
ئۇلۇغ تەرىپىمدە تۇرغان دەرەخ مەن .

قورقۇپ قالدىم چاقىرغان تاشتىن
مېنى سىرلىق، بۈيۈك ئاۋازدا .
قورقۇپ قالدىم بۈگۈن قۇياشتىن
قاقاس زېمىندا ئىزدىدىم دالدا .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

## بىر دەقىقە

ماي يولنىڭ قۇيرۇقى قۇيرۇق ئەمەس،
ماي يولنىڭ قۇيرۇقى شامال ئەمەس،
شامالنىڭ قۇيرۇقى ھال رەڭ ئەمەس،
شامال ئەينەككە قارشى ۋارقىراپ
توختىغاندا ماشىنام
توختىدى ئۇدۇلدا بىر تۈپ خورما،
ئارىلىقىمىز بىر نەچچە چامدام .

بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسى مەن
سايىداۋاتقان .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئۆيدە ئۇچقان قۇش

ھۇما قۇشنى كۆردۈڭلارمۇ؟
ئۆيدە بولىدۇ، بولمايدۇ كۆكتە .
ئايالنىڭ ئۇچۇشنى كۆردۈڭلارمۇ؟
قەپەستە تۇرمايدۇ، تۇرىدۇ بۆكتە .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى



## بوغداي

مەيدانغا چېچىلغان بوغداي دېنى
كۆتمەكتە ئىدى يالىڭاچ
سىپمونتتا قىزغۇچ بەدىنى .

كەپتەرلەر ئۇچۇپ چۈشۈپ
خۇشال ـ خۇرام چوقۇماقتا
ھەرەم ئالدىدىكى مەيداندا .

مەن ئاللانىڭ ئۆيىگە قاراپ
كېتىۋاتقان بوغداي ئۆڭ ئادەم
باشاقتەك ئېغىر گۇناھى بىلەن،
يەپ تۈگەتكىن ئۇنى ئەي ئىگەم...

كۆتۈۋاتىمەن بىر تۇپ بوغدايدەك
قاچان ماڭا ئورغاق تېگەر دەپ .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

# چىقتى كېچىدىن بىرنەچچە چېچىم

مەن كېچىنى مۇنداق ئاتىدىم
ئۇچۇپ كەلدى ساناقسىز قاغا .
مەن كۈندۈزگە چاچنى سانجىدىم
ئاق يۇقۇپتۇ بىرنەچچە تالغا .

كىتابتىكى گۇناھكار ئىدىم،
تووۋا قىلدىم، يوشۇردۇم، يۇدۇم .

ئەمدى مېنى مۇنداق ئاتاشلار :

ئىسمىم قاغا،
كىيىمىم قارا،
يورۇق ئىچىم .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كۆزلەر سۆزلەيدۇ

ئۆلۈمنىڭ كۆزى كۆك
ئەمەس،
ئۆمرۈمنىڭ كۆزى يوق،
ئۇسەر بىر كۈنى ئۇسكەندەك مەست .
توختاپ قالىمەن ئۇشتۇمتۇت
تىزغىنىم كىرپىكتەك بىر قۇر سۆز،
ئىككىنچى قۇرىغا كەلگەندە يېزىپ
يۇمۇلدۇ كۆز،
يۇمۇلدۇ كۆز...

ئۆلۈمنىڭ كۆزى قارا
ئەمەس،
قارا كۆزلەر ئارىسىدا مەن،
ھاياتنىڭ رەڭگىگە زەن سېلىپ بىر پەس
سۆيدۈم تېخىمۇ مۇھەببەت بىلەن .
قارا بويالغان كۆزلەردىن چىقىپ
چۈشىمەن زېمىنغا يۇلتۇزدەك ئېقىپ .

ئۆلۈمنىڭ كۆزى كور ئەمەس،
كۆرەر، پۇرار، تۇتار دەمۇدەم .
ئۆلۈمنىڭ كۆزى بىر ئەمەس،

نەگە قېچىپ ماڭدىڭ، ئەي ئادەم .
ئۆلۈمنىڭ كۆزى كۆز ئەمەس
تېنەپ يۈرگەن قول، پۈتتۈر جەزمەن،
ياكى زۇلمەتتە چەكچىيىپ تۇرغان
كۆزدىن يىراق شۇ بىر ئەزا ھەم .

ماڭماقتا ئادەم يىلتىزى بىلەن
تەن شېخىدا
كۆكۈچ
تۇم قارا
قوڭۇر
سارغۇچ
ئاجايىپ گۈللەر
دۇنيا جىمجىت كۆز گۈلزارلىقى
گاچا ئۇندا بۇلبۇلدەك ئۈنلەر .

گۈلۈمنى قىسىۋالدىم گۈللەر ئالدىدا،
كۆزۈمنى قىسىۋالدىم بىر گۈل ئالدىدا،
كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم بىر كۆز ئالدىدا
ئۇ ماڭا مەڭگۈلۈك قاراپ تۇرغان كۆز...

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يامغۇردا ئېچىلدىم

يامغۇردا ئېچىلدىم
دېرىزىمەن،
ئۆزۈلگەن يامغۇر بىلەن دۇتار ئارا،
تىرىڭلايدۇ بىناۋا قەلبىم،
يامغۇر تارىنى ئۆزۈۋەتكەن كىم؟

يامغۇردا ئېچىلدىم
كۆزلىرىم بىلەن،
روجەكنىڭ ئالدىدىكى نەم
ئىككى تال قارا گۈل مەن .

يامغۇردا ئېچىلدىم
ئۇيغۇرچە بىر شېئىر كىتاب مەن
يامغۇر ئۈنلۈك ئوقۇدى مېنى .
تامچىلار ۋاراقلار ئاچ كۆزلۈك بىلەن
تەكلىماكاننىڭ قۇم كىتابىنى .
كېچىگە يېزىلغان تىلسىز يۇلتۇزلار
كۆكتىنمۇ كۆك ئوقۇ خەلقىمنى!

يامغۇردا ئېچىلدىم
مەن نېمىدېگەن تۆكلۈك،

ئىچىمدە جان تالاشقان ئاشۇ ھايۋان
ئاخىرقى تامچىدا بولۇپ قالار شۈك .
مەن جان بېرەرمەن قەغەز ئۈستىدە
يامغۇر تىركىشەر ساناقسىز ، سۈزۈك .


2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى



## گېئومېترىيەلىك نۇقسان ۋە سىممېترىك گۆزەللىك

ئەر سوزۇلۇپ ياتقاندا
كېچىدىن پۇتى چىقىپ قالدى .
ئايال كۆزىنى ئاچقاندا
چاچ قىسقۇچى كېچىنى قىسىۋالدى .
گېئومېترىيەلىك نۇقسانى ئىككى ئادەمنىڭ
سىممېترىك گۆزەللىكى ئىدى ئالەمنىڭ .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى پىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## مىسنىتىسىزلىق مۇراسىم

گۇناھكار ئەر .

ئەرزىمەس بىر كىچىك باش
باشباشتاقلىق قىلغاچ
نۇقسانسىز ئالەم ئالدىدا ،
بۇيرۇلدى كېسىشكە شارتتىدە .

چالا ئەر
بولدى مۇكەممەل
قىلىنىپ خەتنە .

شۇندىن كېيىن قۇياشنى ئەر
تامبىلىنىڭ ئىچىگە تىقىپ
كۈندۈزدىمۇ ئەيمىنىپ يۈرەر
تۈن قۇيرۇقىدىن تۇرار كۈن چىقىپ...

گۇناھكار ئايال .

تۆشۈكى تۇرۇپ
ئاشلىمىغان قۇلاقنى
تېشىشۇەتتى .

كەمتۈك ئايال بولدى كۈن جامال،
تەشكەن ئىككى قۇلقىدا،
ساڭگىلاپ تۇرار كۈندۈزمۇ ئاي .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى



## شائىرنىڭ شائىرى

ئاق قەغەز ئۆزىنى ئوقۇماقتا
بۇنى بىر شائىر يازغان ئەمەس .
مەن ئاڭلايمەن ھەيرانلىق بىلەن،
ئىچىمدىكى ئوقۇلماقتا پەس .

دورامچۇق شائىر شېئىر يازدىم دەر،
داڭلىق شائىر ئاڭلاپ خاتىرىلەر،
مەن يەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇرمەن
ئوقۇيمەن ئاستا، ئاسماندا دەپتەر .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

## مىستىتسىزمچىلارنىڭ كىيمى

كىيىۋالدى مىستىتسىزمچى
كېچىدىكى بىر قات دۇنيانى .
قاغا قارا چاپان كىيگەندەك
قابىل ئۇچۇن يۈگەپ گۇناھنى .
سۇ شاد ــ خۇرام يۇگۇرۇپ يۇرگەندەك
كىيىپ جۇل ــ جۇل جەندە ــ كۇلاھنى .

يۆگىنىۋالغان مىستىتسىزمچى
يورۇپ كېتىپ يوقلۇقتىن ئىچى .

كۆرگەن نەرسەڭ بولسا يوقالغان
ئەمەس يالغان ئۇنىڭ بارلىقى
ئۇ بىر كىيىم مەۋجۇتلۇق سالغان .

لىباسلار بىز ئادەم ئاتالغان .

تاش كىيىمى تاش،
سۇ كىيىمى سۇ،
كىيىمنى سىپلىۋەتكەندە
ھەممە نەرسە ئۇ .

2008 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى

# داۋاندىكى ئۆيدىن چۈشۈش

ئېگىز چۈش ۋاقتى
پەس چۈشتىن كېيىن،
قوشنام ناماز پېشىندىن كېيىن
داۋاندىكى ئىشىكنى ئاچتى
تىلدا سۇ بىلەن ھاۋانىڭ .
غېرىبلىق ـــ سەل، ئىچىمدىن تاشتى،
ئوت تۇتاشتى قەغەز ـ قەلەمگە
ئانا تىلىمدىن ياز پەسلى قاچتى .

ئەسىردىن كېيىن
مەككە شەھرىدە غېرىب بولغۇچى
قارا تاش بىلەن قايتا ئۇچراشتى .
ئازابلانماس ھېچكىممۇ ئەمدى
ئەرەب تىلىدىن غېرىبلىق قاچتى .

شام ۋاقتىدا شەيتان خوشلاشتى
كۆرەلمەيدۇ تاملار سايەمنى،
چىقتىم داۋاندىكى ئۆيۈمدىن
گۇگۇم ساقلاپ تۇراتتى مېنى،
دەيتتى: قېنى، ماڭا كىر ئادەم!
چۈشەر پەسكە تاش پەلەمپەيدىن
قىرلىق تاشلار، يۇمشاق بىر ئادەم .

خۇپتەندىن كېيىن
چۈشتۇم داۋاندىن
چۈشتى دومىلاپ تونۇش بىر گەۋدە
ئۇيغۇر تىلىدىكى داردىن .
شېئىر يىراق تاغلارغا ئوخشاش
كۆتۈرۈلدى ھىلال ئاي ئاندىن .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چۈشتىن كېيىن، دەرەختىن كېيىن

شاخلاردىن كېيىن
ئاپتاپقا قايتتىم،
مەن ئاڭلىغان بارچە ئاۋازنىڭ
قايتقىنىنى كۆرۈپ تۇساتتىن
جىمجىتلىققا قايتتى ھاياتىم.

سايىلەر ئېگىلگەن چۈشتىن كېيىنگە
سۇ ئۇسسۇل ئوينار ھۆل كىيىمدە.
توختاپ ئۇسسۇلدىن بىر كۈنى تېنىم
كىيىملىرىم يىغلايدۇ قۇرۇق،
ئىچىدە مەن يوق، ئىچىمدە مەن يوق ...

بىر سۆزدىن كېيىن قۇياش ئولتۇرغان
بىر سۆزدىن كېيىن ئۆلۈك مەن تۇرغان،
ياپراقلار تىزىلدى چۈشتىن كېيىنگە
تۆت كىتاب ئاسمانغا،
چۈشمەكتە قۇرئان.

دەرەخمەن كەينىمدە تۆت پەسىل يوق،
قۇۋزاقتەك سويۇلۇپ چۈشمەكتە سايەم.
چېچەكلەپ چىقماقتا سۆزلەر ئاغزىمدىن
سەن ئايال دەرەخ، مەن قاقشال ئادەم.

2009 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

## مەن ئالمدىن سورىدىم

سورىدىم مەن قىزىل ئالمدىن
كىمنىڭ چوغدەك يۈرىكى سەن؟
جاۋاب بەردى ئالمىمۇ بىردىن
تېخىمۇ قىزىل سۆكۈت بىلەن .

ئالما تاتلىقى يوق كۈنلەردە
سېغىنغاندا ۋەتىنىمنى مەن
ئۈشتۈمتۈت يامغۇر ياغدى بۇ يەردە
پۈرايمەن ئۈيغۇرچە سۆزلەرنى نەم .

سېزىپ تۇرىدۇ ھەربىر سۆز مېنى
بارلىق سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئىگەم .
سورىدى ئالەم، يۈرىكىم قېنى؟
قۇياش بىز ئۇچۇن سوقار ئىكەن .

2009 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

# كۆرگۈچى ۋە كۆرۈلگۈچى

كۆرۈپ دەرەخ يالىڭاچ قىشنى
كىيىۋالدى ئاق تۇت چاپان .

كۆلدى ئەتىياز كۆرۈپ دەرەخنى
سۆيگۈ بىلەن چىچەكلىدى جان .

كۆرۈپ يازلىق بىر مېۋە مېنى
دېدى: ئەي، مېۋە ياپرىقلىق قېنى؟

يەردە ياتقان كۆز غازاڭلىرى
كۆردى يالىڭاچ دەرەخ تېنىنى .

سورىسام نەدە دەپ بىزنى كۆرگۈچى
ئاسماننى كۆرسەتتى دەرەخلەر ئۈچى .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# رەڭلىك كۆزئەينەك تاقاپ ئۇخلاۋاتقان ئادەم

كۆزلىرى ئوچۇق ئۇخلاپ
ئادەملەر كوچىغا يۇگۈردى .
رەڭلىك كۆزئەينەك تاقاپ
دۇنيانى رەڭلىك كۆرۈپ ئۆلگۈردى .

قىزىلگۈل سۇدەك سۇيۇق ئىدى
قىزىل ئەمەستەك تارىمنىڭ سۈيى .
ئۆيدە ياققان قار ئاق كۆرۈنمەيتتى
ئاسمان مەڭگۈ كۆك قەلبىمىزدىكى .
رەڭلىك كۆزئەينەك تاقىۋالغاندا
ھەركىم ھاياتنى ھەر رەڭدە كۆرۈپ
ئۆلۈمنىڭ رەڭگىنى بىلىشمەيتتى .

كۇندۇز كەتتى تۇرلۇك رەڭلەردە
كېچە كېلىپ چىقىۋەتتى
ھەر رەڭدىكى كۆزئەينەكلەرنى .

كۆزئەينىكى چىقىق ئادەممەن
قەلبى ئوچۇق، كۆزلىرى يۇمۇق .
كۆردۇم رەڭلەرنى ئۆيئىچىدىكى،
كېچىدىكى سۇ ئۇخلاۋاتاتتى،
ئويغانسا قىزىل ئەينەك تاقايتتى .

كۆك ئاستىدا ئەبەدىي ئەركىن
بىر قىز خىيال سۈرۈۋاتاتتى .
چۈشۈم تەكرار چۈشەيتتى ئۇنى
ئۇنى ئاسمىنىم دەپ ئاتايتتى .

كۆردۈم يىپەق ئىشكىمىنىڭ
توختىماي ئېچىلىپ ـ يېپىلغىنىنى،
كىشىلەر توختىماي كىرىۋاتاتتى —
تىنىسام ئېچىمگە كىرەلەيدىغان
يىپەق ئىشكتىن كىرەلەيدىغان
ئىشلىرى پىنھان رەتلىك كىشىلەر ...
كۆردۈم پۈتۈمنىڭ بەش بارمىقىنى
بىردىن بەشكىچە ساناۋاتاتتى،
پايپىقىم يەنە ماڭدى قوڭالتاق
ئۇنى ئەپلەپ كىيىۋالغۇچى
قوڭالتاق ئىدى قىيامەتكىچە،
كۆرۈنمەيتتى پۈتىنىڭ ئۇچى ...

مەڭگۈلۈكنى كۆردۈم بۇ يەردە
مەن مەڭگۈلۈك ئۇيقۇنى كۆردۈم
ئۆز ـ ئۆزىنى كۆرگەندە كۆزۈم .

بۇ سىرلىق تۈن
دۇنيا رەڭسىز
تۈننىڭ نىگاھلىرى قارا ئەمەس،
قارا بىر ئەمەس يەتتە رەڭدە .
ئەي، كېچىگە بوياق بەرگۈچى
ئەي، رەسىم سىزغۇچى پۈتۈن ئالەمگە،

سەن ئۈچۈن مەندە بوياق قالمىدى
كۈندەك توپلاندىم بۇ ئاق قەغەزگە .

2008 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تاش ھېچنېمە دېمىدى

گەپ قىلمىدى قۇياشمۇ ماڭا
ھەتتا ئاياغلىرىم ئاستىدا
ئۇنلۇك ئۇيغىنىۋاتقان ئاق تاشمۇ .
بۇ مۇشۇكنىڭ كوچىسى ئىدى،
دۇمبىسىدىكى ئالا خەرىتە
كۆرسىتىپ تۇراتتى چۈشتىن كېيىننى .

نەگە ماڭسام ھاۋا ـــ سۈزۈك تام .

كۆرۈۋاتقىنىم ئاز قالغان ئاسمان
دېرىزەم تالاغا ئېچىلغان كۆك غەم .
بارلىقىم ھاۋادا شاخ ـ يوپۇرماقتەك
مەن بۇ جايدىكى يىلتىزسىز ئادەم .

تام ھېچنېمە دېمىدى ماڭا
يۈرىكىم تامدا سوقار دۇپۇلدەپ .
تونۇش ۋەھىمە قاقار ئىشىكنى
كوچىغا باشسىز چىقمەن يۈگرەپ .

ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى
دۇنيانىڭ بۇ مۇساپىرىغا،

باشلىدىم تاشتەك خىيال سۇرۇشكە
كەتتىم ئاسماننىڭ ئاخىرىغا .

2009 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى



## بىر ئۆن يېتىم يىراقتا

بىر ئۆن يېتىم ئارىلىق
ئېچىلماقتا، يىرتىلماقتا شايىدەك،
قۇياشنىڭ موي قەلىمى سىزغان سۇس رەسىمدەك،
مەن تۇرغان بۇ كوچىنىڭ
بىر ئۇچىدا ئادەمدەك غايىب بولغان كەپتەرلەر
بىر ئۇچىدىن ئۇچۇپ كەتكەن ئادەملەر .

كەلگىنىمدە دوقمۇشقا ۋارقىرىدى «توختا!» دەپ
تۆشۈكلەردىن يۇلتۇزى پارقىرىغان بىر ئادەم .
ئۆز تىلىمدا ئوق تېگىپ بۇ شېئىرغا قاچتىم مەن،
قاچتىم ھال رەڭ پېدىگەنىنىڭ ئىچىگە
ياكى ئىسسىق سۇيۇقلۇقتا ئايلىنىپ
تومۇرلىرى سوقۇۋاتقان كېچىگە .

بىر ئۆن يېتىم يىراقتا تامدىن چىققان چىرايىم،
بارماقلىرىم تەگكەن يەردە يامغۇردىن ھۆل ئاۋازىم،
خىياللىرىم چۇۋۇلغان، باشاقلىرىم تۆكۈلگەن ھالدا،
تۆت ئادىل شامالدا، تۆت تەرەپتە يوق دالدا .

دېرىزەمنىڭ ئالدىدا
دورىماقتا ئاي مېنى
قاراڭغۇدا مەنىلەرگە تەقلىد قىلار سۇ،
مەنە مېنى ئىزدەيدۇ تېشىپ چوڭقۇر كېچىنى .

باشلاپ ماڭار بىر كىشى مەۋجۇتلۇقى سىر كىشى،
ئارقىسىدىن ئەگەشتىم مايماق ـ سايماق مىسرادا
تولدى ئەكس ساداغا مەڭگۈلۈكنىڭ كوچىسى .

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ۋەتەن

ئاتتىم بىر چاڭگال قارنى
ياز سىرتىغا،
بىراق بىردەمدىن كېيىن
قايتىپ كەلدى دېرىزىدىن
ئوت يەۋاتقان ئادەمنىڭ
سۇغا سۆزلەۋاتقان ئادەمنىڭ
لايغا مىلىنىپ ياتقان ئادەمنىڭ
مەڭگۈلۈك ۋەتىنى ئالەمدىكى .

2009 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

## ئېچىگە ئۆچۈش

جابدۇندۇم سەپەرگە
چامادانغا قاچىلاپ
يېڭى ئىشتاننى، ئۆپرىغان جاننى
چىش چوتكىسىنى، يۇمشاق ھەميانىنى،
قارنىڭ رەڭگىنى، رەڭسىز ئازابىنى،
دۇئا كىتابنى، يۇڭ پوپايكامنى،
يېزامدا تۇغۇلغان كۆك شامالارنى ...
قەلەم تۇتقان بارماقلىرىمدا
سۇيۇق شاكىلاتقا ئايلاندۇرۇلغان
تەملىك، قەھۋە رەڭلىك ئايالارنى .

قارنى ئەتىياز ئېرىتىۋاتقان،
لاي ئۆيلەر ئەندىكىپ ياتقان،
پەشتاقلارغا چۈشكەن سايەڭنى
قىزىل سىزىقلار ئالدىراتقان،
مانا بۇ ئۇرۇمچى ئايرودۇرۇمى .

تۇيغۇدەك تۇيۇلغان بەزەن نەرسىلەر
سۇيۇق شاكىلاتتىنمۇ راست بولۇپ چىقار،
قولۇڭغا چاپلىشار، يۇزۇڭگە يۇقار .

ئېزرا فوندتەك① ئويلاپ ئۆزۈڭنى
ياۋروپادىكى مەلۇم بىر جايدا
قەھۋە ئىچىشنىڭ يۇمۇپ كۆزۈڭنى
ئاخىرلىشدۇ بىر مىنۇتتىلا .

سېمونتتىكى بىر مىنۇتتىلا
سەن شېئىردىن قايتىپ كېلىسەن
سەن بىلەن ئايرودۇرۇم ئارىسىدا
قېلىن بىر ئەينەك تامنى سېزىسەن .

كۆك ئاسماندەك ئويلاۋاتاتتىم
شۇبھىلىك كۆزلەر قورشاپ ھەر ياندىن
تۆكتۈم ھەممىنى ئېلىپ چامادانىدىن .

ئايرودۇرۇم ئۇچماقتا گويا
تام، دېرىزە، مىللەت ۋە تېرە
ئاق قۇشقاچتەك ئۈركۈپ پۇررىدە .

ئۈرۈمچى ئايرودۇرۇمى —
كېسىشىش نۇقتىسى
كۆك ئاسمان بىلەن سېمونت يەرنىڭ،
يالغان مەن بىلەن راست سايەمنىڭ،
ماڭا ئالاقىسى يوق دەپ ئويلىغان
ئىسمى سانسىز بىرلا ئادەمنىڭ .

تۇرۇۋاتىمەن ئۇچۇش ئالدىدا
قارا قۇشمەن شەپەقتىن كەلگەن .
بىر پارچە رەسىم قانات ئاستىمدا
ئەتىياز سۇسقىنا بوياق بەرگەن .

2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

① ئېزرا فوند — ھازىرقى زامان ئامېرىكا شائىرى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىر كەپتەر مېنى ياخشى كۆردى

مەن سۆيگەن قۇم قۇملۇقتىن چىقىپ
كىرگەندە تارىمنىڭ چۇشىگە ئىقىپ،
ئۇزاق يازدەك بولدۇم مۇساپىر
خورما دەرىخىگە ئەگىشىپ .

بىر تۇپ خورمىغا ئاچىمەن ئىشىك
ھەر قېتىم ئۆيدىن تالاغا چىقىپ .

ئۆي لەمپىسى كۆك كەپتەرنىڭ
ئارىلاپ ئاي نۇرلىرىنىڭ، يامغۇرنىڭ،
مەن ئۇنىڭ يارى، ناتونۇش يارى
ئاشىق بولاتتىم كۆز ئۈزمەي بېقىپ .
سوۋغا قىلاتتىم ئۇيغۇر تىلىنىڭ
شەرقىدىكى بىر تۇپ تېرەكنى،
تىلسىز كۆنلەردە قۇياشتەك چىقىپ .

جاۋاب كۈتەتتىم كۆك كەپتىرىمدىن
ئالدىمدىن ئۆتكەندە نازلىق بېقىپ .
ياكى لەمپىدە كۆك قانات قېقىپ
نازۇك تۇمشۇقىنى كۆتۈرگەندە
قالدىغاندەك مېنى قىچقىرىپ،
مەستخۇش ئاۋازدا ياكى كۆك رەڭدە .

تالاغا چىقسام بۈگۈن سەھەردە
كەپتەر پوقى بېشىمغا چۈشتى،
«... يارىمنىڭ تىللىغىنى تىللاچە بار ...»
بۇ بىر يېڭى مۇھەببەت چۈشى .

2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى



# يېرىم كېچىدە ئاچتىم ئىشكاپنى

ئاچتىم كېچىنىڭ يېرىمىنى،
كارىۋىتىمدا زۇلمەت دېڭىزى
پۇت ـ قولۇمدا دولقۇنلار ئىزى .

ئاچتىم قەدىمىي بىر ياغاچنى مەن
دەرەخ قەبرىسى، قۇش چاڭگىسى
ئىشكاپتىن كىيىملىرىم ئاڭلاندى .

ئاچتىم ھاۋانى،
سايىدەك كۆرۈندى قولۇم بوشلۇقتا
نۇر ـــ سايىنىڭ ئاق ئىسكىلىتى .

ئاچتىم بىر مىللەتنىڭ ئاۋازىنى،
قاچتىم ياغاچتىكى ئەكس سادادەك
چالماقتا قەلبىمدە ئورمان سازىنى .

ئاچتىم سۇكۇتنى ئۆلۈك سۇدىكى
سۇ ئۆزىنى چۈشەيتتى قىزىل
تولدى ئىشكاپقا روھلار چۇقانى .

2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كىتابتىكى قۇدۇق

تۇيۇقسىز بىر كىتابنى ئېچىشىم بىلەن
قۇدۇق بويىغا كېلىپ قاپتىمەن .

قۇدۇقتا قان رەڭ چاقنىغان قۇمدىن
كۆرۈپ قالدىم ئۆز چىرايىمنى .
تىلىمنىڭ هال رەڭ گۇگۇمدىن
كىمدۇر قۇدۇققا ئىتتىردى مېنى .

ئاق ۋاراق ئېچىلىپ ئاق كەپتەردەك
سىياھ ئېقىشتىن توختىدى بىر رەت .
تەنها سۆزلەر بوۋىقى يوق سۆز
كۆزلەر پارقىرار ئىچىدە ھەسرەت .

كىتابنى ھەسرەتلىك يېپىشىم بىلەن
تىلىم كېسىلگەن، بىر قۇدۇقتا مەن .

2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

## قۇيرۇقلۇق ئادەم

كىرسە ئىشكىتىن كىرمەيدۇ،
سالام ـ سەھەتنى تېخى بىلمەيدۇ .
قاچا ـ قۇچا بار ئىشكاپ ئىچىدە
ئۆزىدىنمۇ تۈكلۈك كېچىدە
قورقۇنچىمنى مەززە قىپ يېگەن
قۇيرۇقلۇق ئادەم .

ئۈچ نەزىرىمۇ،
يەتتىسىمۇ،
قىرقىمۇ ئاشكارا ئۆتكۈزۈلمىگەن
ئاشۇ مۇرۇۋۋەتلىك بىر ئادەم
گويا چاشقاننىڭ سىياقىدا
پەيدا بولغاندەك ئۆيۈمدە بىردەم .

مەن ھىندى دىنى مۇرىتى ئەمەس
جانىۋارنى ئادەمنىڭ روھى دەيدىغان .
مەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتا ئەمەس
چاشقاننى، بىر جاننى قوغدايدىغان .

ئۆزۈمنى ساقلاشقا تىرىشسامىمۇ
چاشقان قورۇمىسى يېگەن ئەمەس .
بولسىمۇ تومتاق ياشاش پەلسەپەم
مۇشۈكنى پەيلاسوپ دېگەن ئەمەس .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

قوپسام تۆشۈكتىن چالا ئۇيقۇلۇق
قاچقان بولدى ئاشخانا ئۆيدىن
چاشقان ئاۋازلىق، قۇيرۇقلۇق .

قۇيرۇقلۇق، ئاۋازلىق سۈكۈتۈم
يىللار كاللەك يەپ يېيىلغان،
پوپايكام تۆشۈك، نان پۇچۇق
ئىشكاپتا كىتابىم قىيىلغان .

بىر كۈنى تۇيۇقسىز ۋەھىمىدە
ھاياتىم شۇلدەك چىچىلسا،
بىر تۆشۈك تاپالماي كىرەرگە
مېڭەمدىن بىر تۆشۈك ئېچىلسا ...

ئويلىما چاشقانغا ئىچ ئاغرىتتى دەپ
سورىما ئۆلۈك كۈندۈزنى مەندىن .
قىلما رەت بۇنى «چاشقانىزم» دەپ
چىقىپ كەت تۈكلۈك قارا كېچەمدىن .

2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

# بەزىدە

بەزىدە رەڭسىز ئويغىنىمەن
ئۆلۈمنىڭ رەڭگى بولمىغاچقا
هاياتىم تولغاچقا ئۆز شولىسىغا .

ئەخلەت چېلىكى يېنىدا بەزەن
ئەتىر شىپىشىسىدىن كېتىمەن چىقىپ
ئەركىنلىكنىڭ پۇرىقىغا ئەگىشىپ .

بەزىدە قالىمەن ئۇخلاپ
تاملارنىڭ ئۆلۈكى
ئۇياقتا، بۇياقتا .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭىلىقى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## بىر تېرىچى بىلەن كېچىچە مۇڭداشتىم

سۇغۇرۇلۇپ چىقتۇق بىز،
سويۇلۇپ تونىنىڭ بىر پارچىسى
ئېسىپ قويۇلدى دېرىزىگە تېز .

بىر تېرە سودىگىرى
ئىككى كۆزىنىش نۇقتىسىدا!
قوغلىماقتا، قاچماقتا .

تېرىسى يوق قوي،
تۆگىسى يوق باي،
ئوخشاش قىسمەت قۇچاق ئاچماقتا .

ئاسمان قاندى، قۇياش قېنى؟
ئاشلىغان تېرىدەك ئاق قەغەزدە
ھور چىقىپ تۇرغان ئۇيغۇرچە سۆزلەر،
يالىڭاچ يۈگۈرەر شائىرنىڭ جېنى .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

## كەچ كىرگەندە سۆزلەر ئارا مەن

ئالما پىشتى، قومۇلۇقتا چۈشتى،
قىزارغان سۆزلەردە كۆردۈم مەن كۈننى .

سۆگەت سايىسىنى ئۈركۈتۈۋەتمەي دەپ
ئاۋايلاپ دەسسەپ ماڭدىم يولۇمنى .

سۇدا ئېرىدۇق، تاشتا ئۇيۇدۇق
قولۇمنى تەگكۈزۈپ سەزدىم گۆگۈمنى .

قاراڭغۇ چۈشمەكتە چاچتەك يېيىلىپ
يالىڭاچ دەريا تېپچەكلەر قۇمنى .

مەن يۇلتۇزلارنىڭ نەزەربەندىدە
سەن مەنە دەشتىدە تارتىنىڭ زوقۇمنى .

تون سۇزۇك تىلنى قورشىغان يەردە
ئاچ قاپىيەدە ئاچتىم ئۆيۈمنى .

ساقلاپ ئولتۇرغان قاتىل ئوقۇرمەن
يوشۇرۇش مۇمكىنمۇ سەندىن ئۆزۈمنى؟

www.uyghurkitap.com

سۆزلەر ئارا مەن، نىمجان يارا مەن
گاچچىدە ئۈزۈپ قويدۇڭ سۆزۈمنى .

سەن ئىشنى تۈگىتىپ چىقىۋاتقاندا
مەن قارا قاندا يۇمدۇم كۆزۈمنى .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى



## رۇستەمبەگ

ئەزىزانە قەشقەر
غېرىبانە ئاقسۇ

— ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

غېرىبانە ئاقسۇ، ئۆتمۈش ئاققان سۇ
بىر بەت تارىخنى ئاسمان ئاچقانمۇ؟
رۇستەمبەگ[1] تۆت مىڭ ئۈچ يۈز مو يەرنى
يامغۇردا سۇغىرىپ، چاقماقتا ئاچقانمۇ؟
بۇلۇتتەك قويلارنى، ئاپتاپتەك تىللالارنى
ئۇششۇك شامىلدا سورۇپ چاچقانمۇ؟
ئاندىن ئۆزى قاچقانمۇ؟
قىيامەتكىچە ئاۋات شەھەرگە
شاش يورغىسىنى چاپتۇرغان پېتى ...

ئادەمسىز قايتتى ئۆلۈم ئېتى
گۈمبەزلىك، جىمجىت توپا شەھەر .
ئۈستى ئوچۇق شام گۆردىكى
بىر ئادەمنى ئويغاتتى سەھەر .

---

① رۇستەمبەگ — ئىلدىكو بېللېرخاننىڭ ئىنگلىزچە «شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي ئەھۋاللار (Commonity Matters in Xinjiang)» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغان، 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇدا ئۆتكەن ئۇيغۇر دېھقان.

مەن ئۇنى تونۇدۇم
ئۇنىڭ قاراڭغۇ ئاۋازىدىن
شۇرقىراپ تۆكۈلەتتى قۇم .

بۇ ۋاقىتنىڭ قاتتىق ھالىتى،
سۇ بىر رەڭسىز، غەمسىز سۇيۇقلۇق،
قولۇمنى يۇغاندا غېرىبلىق ئېتى .
قولۇم چاقىرسا يار كۆكسى يىراق،
قولۇم ۋارقىرىسا قىزىل، يىپپىشقاق،
قولۇم پارقىرىسا قورققىنىدىن
پاللاقلايدۇ مۇشۇكياپىلاق
مەھەللىمىزدىكى يالغۇز ياڭاقتىن .

بېلىق قىلتىرىقىدەك جىمجىتلىقتا مەن
تارىخ كىتابىنى ۋاراقلاپ بىردەم
قۇلاق سالدىم قىستۇرما كۈيگە .
ئۆزۈمنى سوراقلاپ قايتا ـ قايتا ھەم
كىردىم سۆزلەرنىڭ تار ئۆيىگە .

ئۆيۈم بەشىنچى قەۋەتتە
ئاسماننى ئېچىپ كىرىمەن .
ئالىقانچىلىك قەغەزدە
كەتمەن ئەمەس قەلەم بىلەن
تېرىقچىلىق قىلىمەن .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىر توخۇنىڭ تەرجىمھالى

مەككىدە بىر تاش بار،
ئۇنىڭ ئىسمى بار
قەلبىمدە .

مەككىدە بىر ياش بار،
ئۇنىڭ ئىسمى يوق
خەلقىمدە .

كەلگەندە بوۋىسى ئۇنىڭ
كۆتۈرۈپ ئۇيغۇرچە ئىسمىنى
قۇياشنىڭ، دەريانىڭ، قىزىل سۇنىڭ،
بىرمۇ تىلدا ئىسمى يوق ئىدى
يانفون، هاۋادان، توڭلاتقۇنىڭ .

«سىز ئۇيغۇرمۇ» دېگەن سۆزۈمنى
تۇنجى ئاڭلىشى ئىكەن ئۇنىڭ .

ئۇيغۇر دېگەن نېمە؟
نېمدېگەن بىمەنە
بەرسەم ئەگەر مۇنداق ئىزاهات:
كەم ئۇچرايدىغان بىر تۈپ دەرەخ ئۇ
بوران ئىچىدە چېچەكلەيدىغان،

مېۋىسنى ئاقسۆڭەكلەرلا
جەننەتكە كىرىپ قالسا يەيدىغان .

ئۇيغۇر —
قۇلۇلە قېپىدىكى سەدەپنىڭ
سۇ ياردار قىلغان بىر قىسمى .

ياكى ھۇما قۇشنىڭ ئىسمى
مالچى تازنىڭ بېشىغا قونغان؛
بىر پادىشاھ ئۇ پىت بازىرىدا
ھۆپپەگەر تونۇماي خىزىر تونۇغان؛
ياكى چۆبىن ئۇلىشىپ تۇرغان
شېرىن ئۈزۈم، پىشقان ماندارىن؛
مۇراسىملاردا كىيىلمەيدىغان
سىپھرلىك قەدىمكى كىيىم؛
تالانتتەك ئۆسۈۋاتقان مىڭە ئۆسمىسى؛
يا ئاسماندىكى گۈللۈككە تەۋە
ئىنسانلارنىڭ گۈلى — غۇنچىسى؛
شەيتان ئەينەك ئالدىدىكى مەن
بېشى يەردە باشقا بىر كىشى...
توخۇنىڭ بىر تۈرى دېسەم ئەگەردە
پاھ، ئەجەبمۇ مەززىلىككەن دەپ
بۇ چاغقىچە بولار ئىدى يەپ .

لېكىن ئۇنداق چۈشەندۈرمىدىم .

ئۇ كۆزۈمگە كۆرۈندى مېنىڭ
تاجى ھەيۋەت خورازدەك بىردىن
لېكىن ھېچكىم خوراز تاجىنى
ئويلىماس تاج دەپ،

ھېچكىممۇ توخۇنى قانتى يوق دەپ
قانات قاقسىمۇ ئۇچالماس ئەبەد.

*      *

يىراق جايدا مەن تەكلىماكاندىن،
يېشىل ئەرۋاھتەك توپ ـ توپ يۇلغۇن
چاقىرىدۇ مېنى ھەر ياندىن،
ئاۋازى قىزىل چېچەكلىگەن قۇم .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

## زەنجىرسىمان سۆزلەرگە ئەگىشىپ

يىللار ئاقساپ ئۆتمەكتە
ئاقساق تۆمۈر بىر ئۆمۈر
ئالالمىغان مەن تۇرغان يەردە .

ئالەم شائىرى ئەگەردە
قويۇپ قويسا بىر چېكىت
كۆن دەپتەرنىڭ غەربىدە .

ئۆمرى ئاسمانغا تامچىلار
كەمچىنى يانتۇ تۇتۇپ ياغچىلار
كور دېھقانغا ياغنى كەم تارتسا
بىرى ئاسماندىن ئۇنسىز زەن سالسا.

ئاسمان ئۇنىڭغا نېمە دېسۇن
بىر ئادەم ساھىلدا ئوڭدا ياتسا
پۇتلىرى دېڭىزنى يوقاتسا .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بىشارەت ئەمەس

ماشىنام چۈش كۆرمەكتە
بىر ئاق كەپتەر
قوندى ئۈستىگە
كۈندۈز يالقۇنى ئۆچكەن تەرەپتە .

چۈشۈمدە تۇيۇقسىز
پىكاپىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن
ئاق كۆڭلەكلىك قىز
ئۇچۇپ كەتتى پۇررىدە قىلىپ
قارا بۇلۇتتىن كىيىم كىيىپ .

ئويغىنىپ بۇ شېئىرنى يازدىم
تۈن يالقۇنى كۆكۈچ تەرەپتە .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

# ئوخشىمىغان ۋاقىتتىكى نىسۋەم

سەھەرنى سۈزۈۋالدىم
بىر كۈننىڭ قايمىقى دەپ،
ئىرىمەستە ئاغزىمغا سالدىم .

تاھارەت ئېلىۋاتسام پېشىندا
پۈتۈمنىڭ چىمچىلىقى كۈلۈپ كەتتى
نامسىز بارماقنى كۆرۈپ قېشىدا .

كەچتە بىر تۈپ ئالمىغا كىردىم،
قاپتۇ قۇرۇق ئىككى شاخ بىلەن
يوپۇرماقسىز ئالما بىردىن .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

# سۇدىن بىر سۆز ئاڭلىدىم

ئىشىكىمنى چەككەندە قوشنام
سۇدىن بىر سۆز ئاڭلىدىم،
زەمزەم ئەكەلمەكچى بولۇپ
كىرگەن ئىكەن ماشىنىسى يوق،
ئالدىراش دەپ بارمىدىم .

ئاسمىنىم سۇدەك ئۈسسۈز ئىدى،
قوشنامنىڭ ئاپپاق بۇلۇتلىرى
تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى .

بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى پەشتاقلاردىن .

قايتىۋاتسام ماشىنا بىلەن
بىر تۈپ خورمىدا ئازراقلا كېچە،
ئالدىرايتتىم يوق ئىدى ۋاقتىم
بېرتۇۋالاي تاڭ سۈزۈلگۈچە .

ماشىنامنىڭ قىزىل تىلىدىن
بىر شۇم خەۋەر كەلدى ئۇشتۇمتۇت،
ئوچۇق ئاڭلىدىم سۇدىن بىر جۈملە
موتور سۇسىز، ئوت كەتمەكچى ئوت .

يول بويىدا تاغلار ئارا مەن
ئەمدى مېنىڭ يوق كېچەم

چىققان چاغدا تونىلدىن جەزمەن .
تەشكەن تاغدا توختىدىم ئۇزاق
تاشلار ئۇسسۇز يوق بىرەر بۇلاق .

سۇدىن بىر سۆز ئاڭلىدىم،
گىياھلار چاقىردى پەس ئاۋازدا
تونىلنىڭ تاش ئاراچىلىرىدىن .

يىغلىپ قالغان يامغۇر سۈيى
مېنىڭ ئەمەس ئۇلارنىڭ ئىدى .
سوۋغا قىلدى شاھلاردەك خۇددى
ئۇسۇپ ئېلىپ قۇيدۇم موتۇرغا .

كېكەچلەيدۇ سۇ ئۆز تىلىدا
دەپتىمەن سۇ يالغۇز بىرنەرسە .
سۇنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ ئاۋازى
سۇ سۆزلەيدۇ ماڭا ھەر يەردە .

مەن بىلمەيمەن ۋاقتىم بارمۇ، يوق
ماشىنام قايتا ماڭدى قوزغۇلۇپ .
تاڭ ئاتتى يول، سۇزۇلمەكتىمەن
ئۇزارتتى قول خورمىلار يورۇق .

2009 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئاي يېزىلغان كىتاب

ئاي يېزىلغان ئاق ۋاراق
ئايلاندۇرار تۈننى سىياھقا .

ئاي يېزىلغان قارا لاي ـ پاتقاق
يۇلتۇزلارنى تىزار دەرياغا .

ئاي يېزىلغان تاش كىتاب
ئۆتمۈش لاي سۇ، ئاقىدۇ سايغا .

ئاي يېزىلغان قۇم بويلىرىدىن
كىردۇق غېرىب ئايۋان سارايغا .

ئىمزا قويۇلدى ئاپپاق شولىدىن
ھەربىر ياپراق، ھەربىر شامالغا .

ئاي يېزىلغان ئوقۇرمەن يول يوق
قاچان، قانداق، نەگە بارارغا .

كەتتىم ئاشىق ئوقۇرمەن بولۇپ
ئاي يۈزىگە يېزىلغان يارغا .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كوچا ۋە ئىشىك

رەڭسىز ياز پىيادىلەر يولىدا
كۈندۈز كەتتى ئاق پىكاپ بىلەن .

يول بويىدا
قولىدا ئۈچ چاڭگىلەك پىشقان خورما
توختىدى بىر يېشىل ئادەم .

خۇشبۇي ئايال چىقتى ئىچىدىن
تېشىغا بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ،
چۈنكى كوچىدا باشقا ئىشىك يوق .

سەل تۆپىدە بىر ئەگىم ئىشىك
ئۇنىڭ ئىسمى ھىلال ئاي .

كىرىپ كەتتىم ئەگمەچ ئىشىكتىن
چوڭقۇر، ئىسسىق كېچىگە بىردىن .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

# گۈل ۋە يارا

قەغەزدىكى يارا ـــ
گۈلى سىياھنىڭ .

سەندىكى يارا ـــ
گۈلۈم مېنىڭ .

مەندىكى يارا ـــ
گۈلى شېئىرنىڭ .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كېچىگە يۈزلىنىش

بۇ ئېچىگە يۈزلىنىش
سۈيى مۈزدەك قۇدۇقنىڭ .

تاغدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن شىر
تۈگۈلۈپ مەغرىبتە ئۆلدى قىپقىزىل .

ئېچىرقاپ كەتكەن ئەنجۈرنى مەن
يېدىم چىشلەپ چوڭقۇر بىر چىشلەم .

شەھەر تېشىدا بىر ياۋا ئاي بار
قۇدۇق ئېچىدە قارا قارىغاي .

قۇدۇق ئېچىدە مېنىڭ ئاۋازىم
تەلپۈندۇ ئاسمانغا دائىم .
ئەما يۇلتۇزلار تۇرار پارقىراپ
ئويغاق كېچىگە قارىسام دائىم .

2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

## مايماق لوڭقىنىڭ ئىچى ـ تېشى

مايماق لوڭقىنىڭ
ئىچى گۈل،
گۈل ئىچىدە
ھېچنېمە.

مايماق لوڭقىنىڭ
سىرتىدا
مايماق ھېچنېمە.

سىرتىدا دېرىزىنىڭ
بىر تۇتام گۈل
بىر تۇتام گۈل بۇ كېچە.

دېرىزە ئىچىدە
مىڭ تال گۈل سەن
چاچلىرىڭدىن تاپىنىڭغىچە.

تېنىڭ لوڭقىدۇر
گۈل قۇرۇغۇچە،
جېنىم سۇنغۇچە.

كىرىستال كېچە،
ئىچىنىڭ ئىچىدىكى
تېشىنىڭ تېشىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈلمۇ ئەمەس، لوڭقىمۇ ئەمەس
لوڭقا بىلەن گۈلنىڭ ئىگىسى .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# ئېچىمگە جىن كىردى

ئېچىمگە جىن كىردى
كىردى نەم ھاۋا
بولۇتتىكى .

ئېچىمگە جىنلار كىرىپ چىقىدۇ ،
ئېچىمدىن ئادىل ھېرىپ چىقىدۇ .
تۆكلۈك جىننى قوغلۇۋېتەلمەي
ياشلىقتا چىقماي قېرىپ چىقىدۇ .

جىننى تۇتتۇم يېرىم كېچىدە
بىر پارچە ئاق قەغەز ئۈستىدە .
جىن مېنى تۇتتى يۇمشاق قولىدا
تېپىرلىدىم سۆزلەر ئېچىدە
سۆزلەر قاچتى تەرەپ ـ تەرەپكە .

چىشى جىنلار سۇدا ياشايدۇ
بىز ياشايمىز ئۆز تېنىمىزدە
گۆگۈم تۆكلۈك سۇغا كىرگەندە .

جىننى جىن دېگۈلۈك، شاپتۇلنى شاپتۇل
ئەڭ گۈزەل ئايال شاپتۇل يېگەندە .

جىن كىردى ھاۋادىن
تىرناقلىرى سۇپسۇزۇك .
ئۇنى قوغلاپ تۇتاي دەپ
سۇدىن چىقتىم يۈگۈرۈپ .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى



# ئاغزىمدىن سائەت چىقتى

سائەت چىقتى ئاغزىمدىن
يۈز بىردۇ بەزى ئىش ئالدىن،
توشقان چاغدا ۋاقتى ـ سائىتى .

سائەت سۈنىڭ سائىتى بولسا
ھۆل بولمايمىز چۈشسەكمۇ سۇغا .
رىزقىمىزنى يەيمىز ، ئىچىمىز
سۇ ئىچكەندەك كۆلدىن بىر بۇغا .

سائەت قۇمنىڭ سائىتى بولسا
بىز ئۆلمەيمىز مۇشۇ قۇملۇقتا .
تۆگىقۇشنىڭ ئاپپاق تۇخۇمى
نۇر چاچىدۇ ماكساق ئۇپۇقتا .

سائەت يازنىڭ سائىتى بولسا
چىكىلدايدۇ ياپراقلار شاختا .

ئەگەر سائەت بولسا ئۇيغۇرنىڭ
قېتىپ قالار ۋاقىت بىر تاشتا .

ئاغزىدىن سائەت چىققان ئادەم
بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالدى
يۇلتۇزلىرى چېچىلغان ھالدا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاغزىدىن سائەت چىققان بىر يىگىت
قىزىلگۈلدەك كەتتى ئېچىلىپ .

ئۆلۈم بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا
هايات بىزنىڭ ئۆز ئاغزىمىزدا
ئاغزىمىزدىن سائەت چىققاندا .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى



## پاتمىچۇقنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم

سالمىچۇق قارا بەكرەك،
پاتمىچۇق سەل ئاقسۆگەكرەك،
تامدا ئەمەس
18 ـ ئەسىردىكى پارىژدا
تانسىدىن قايتىۋاتقان
يۈزىنى سەپكۈن باسقان
خېنىمدەك ئاق .

ياق، ياق
ئۆلدى ئۇنىڭدىنمۇ رومانتىك
ئۇنىڭدىنمۇ راھەتلىك، يۇمشاق ...

پاتمىچۇق كۆرگەندە مېنى
قاراپ ئۇششاق بارماقلىرىغا
ئەزرائىلنى قولسىز ئويلىغان،
ئويلىغاندۇ يەنە نېمىنى؟

كۆرگەندە مېنى
كۆرگەندى ئۆز ئۆلۈمىنى،
ئۇنىڭ ئۆلۈمى كۆرگەندى
ھاياتىنىڭ مەڭگۈلۈكىنى .

شۇندىن بېرى
ئۆلتۈرۈپ باقمىدىم باشقا بىرىنى،

www.uyghurkitap.com

كىيىپ پاتمىچۇقنىڭ كىيىمىنى
سېلىپ ھاياتلىق نىقابىنى ...

2008 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى



## ئۆيۈمدىكى مىس

ئۆيۈمنىڭ ئىچىدىكى مىس
داتلاشقان كېچىدىكى مىس،
چاشقان پۇتلاشقان كونا مىس كورا .

مىسنىڭ ئاۋازى قىزغۇچ،
مىسنىڭ ئاۋازى ۋەھىمىلىك،
مىسنىڭ ئاۋازى — ئۇچلۇق ئوق .
مىسنىڭ ئاۋازى
ئۆيدىن ئۆيگە كىرىدۇ،
مېنى تىنتىپ ئاختۇرىدۇ،
ئاخىر كارىۋاتتىن تاپىدۇ،
ئاندىن ۋاڭگىدە ئاتىدۇ ...
كەتكەن چاغدا ئۇلار دۈپۈرلەپ،
ئورنۇمدىن تۇرىمەن قىزىلگۈلدەك،
شېئىرلىرىمغا تايىنىپ .

ئوقۇرمەنلەر مەندىن قاچىدۇ .
خىزمەتداشلار، تونۇش ـ بىلىشلەر
قولLIRىنى ئەپقاچىدۇ
مېنى يۇقۇپ قالىدۇ دەپ .

ئۇلار تۇكلۇك كىيىمنى كىيىپ
چاشقاندەك قېچىپ كەتتى .
مىستەك بىرنەرسە يالتتىدە قىلىپ
ھاياتىم رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋەتتى .

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## پۇلنىڭ يۈز ئىسمى

چۈشۈم بۇزۇلدى
چۈشتۈم ئاسماندىن
يەكچەشمىلەر شەھرىگە .
پۇل ھۆركىرەر ئارتىلىپ تامدىن
ھەممە ئادەم چۆمۈلگەن تەرگە .

پۇلنىڭ يۈز ئىسمى
سۇدا، ھاۋادا،
كوچا، سارايدا .
بىر ئىسمىدىن چاقماق چاقماقاندا
بىر ئىسمى كۆنلۈك قىلىمىز دالدا .
گاچا ئىسمى سۆزلەيدۇ پۇلنىڭ
بويۇن قىسىپ ئاڭلار ۋائىزلار .

پۇلنىڭ قىزىل ئىسمى ئاستىدا
يىگىنە ساتار ئۆلىما خۇشال،
ساتىراشچىلىقتا داڭ چىقىرار تاز .
زەردار يەنە كەتتى پارقىراپ
توپا باستى دېھقان چېھرىنى .
ئەمالارنىڭ كۆزى ئېچىلدى
يالغان تېۋىپ پۇۋلەر سېھرىنى .
ئوخشاش نەرسە پۇل بىلەن چۈنكى
نىجاسەتتىن ئۈزمەس مېھرىنى .

كەلدىم بازارغا
پۇلدىن باشقا ئادەم يوق،
كەلدىم مازارغا
مىليونېرنىڭ قولى قۇپقۇرۇق ...

چۈشۈم بۇزۇلدى،
چۆچۈپ ئاچقان چاغدا كۆزۈمنى
كۆرەرمەن سالپاڭ قۇلاقلىق
ئالتۇن ھارۋا تارتقان ئۆزۈمنى .

2006 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى



## قاغىلىقتا قار

مۇز ئېتىزلار ئۈستىدە
قاغىلارنىڭ چۈشىدە
قات ـ قات ئاپپاق پەي .
ئاق كىيىملىك بىرى چاقىردى
شاھزادىدەك كېتىۋاتسام، ھەي ...

كۈن ئاغزىنى ئاچقاندا
خەق پاتىپاراق بولۇپ قاچقاندا
مەن ئۆزۈمنى قويدۇم يوقۇتۇپ .
ئېلىپ ماڭار مەڭگۈلۈك جايغا
ۋاقىت مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ .

ئۇچۇۋاتقان قۇرغۇي كۆزىدە
قېتىپ قالغان مېنىڭ مەھەللەم
ئۆتمۈش ئاپپاق، تاشلىدىم قەدەم .

بىر ئايال تىرەكتە،
ئاي چېلەكتە،
لەپەڭلەيدۇ تەن بىلەن ھوشۇم .
بىھوشلۇقنىڭ سارقىندىسى بىز
دائىم ساراڭ بىر چىشلەم گۆشۇم .

قاغىلىقتا قار
ئەرۋاھلاردەك ئۈن ـ تىنسىز ماڭار
ئەتىيازنىڭ ئىچىگە قاراپ .
سەزدىم قاتقان تىرىك بىر كۈچنى
ئۈستۈمدىكى كېچىگە قاراپ ...

قارنىڭ سايىسى
ھۆل ۋە چاپلاشقاق .
كۆزدىن يىتتى يارنىڭ قارىسى
كۆڭلۈم مىچ ـ مىچ، ھەممە يەر پاتقاق .

2006 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى



## گۇمنىڭ كىرپىكى

كەلدىم قىشتا
يالىڭاچ ھەمراھ
تېرەك ـ تېرەككە .
قاتار كەتكەن تېرەكلەر ئارا
بىر مىسرا يول يۇرەك ـ يۇرەككە .

تېرەكلەر
گۇمنىڭ كىرپىكى
گۇمنىڭ كۆزى شائىرلارمىكى؟

مەنزىلىمىز يەنە ئاشخانا
چىنە ـ تەخسە قىلماقتا نەغمە .
ھەزىم قىلار قۇلاقلىرىمىز ،
سۈكۈت رومان، پاراڭلار نەزمە .
ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەممۇ بار
چاي ئىچمەكتە بىز بىلەن بىللە،
تىنىقىدىن ئۇپار تارقىلار ...
ئەي تىرىكلەر باغرىمنى ئەزمە،
ھايات بىزگە يەنىلا بەزمە .

دېرىزە سىرتىدا
ئىككى ئەرنىڭ يۈزى بار ،
بىرى ئەرۋاھ، بىرى تىرىك جان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىغىلدايدۇ ئادەم كوچىدا
بەزىمىز راست، بەزىمىز يالغان .

بىر قىزىلگۈل
قىشنى چوغدەك كېسىپ ئۆتتى،
يوقاتقۇچە ئۆزىنى كۆكۈل
دوقمۇشقا كېلىپلا لەپپىدە ئۆچتى .

يۈزىمىز كەچ بولدى،
تېرەكلەردە چېچەكلەر يۇلتۇز،
ئاسمان ئاھۇ كۆزىگە تولدى ...

2006 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

## يەكەن سىپىلى

ئەتىرگۈلدەك يېڭى سەھەردە
قۇياش قولىغا موي قەلەم ئالدى،
ئاسماندىكى تارىخ كىتابىنىڭ
بىر ۋارىقى يەكەندە قالدى .

ئەگىم قىلىچتەك ئاي
كېسىپ ئۆتەر رەستىلەرنى،
پەنجىرىدە ئاي يۈزلۈك ئايال
بىر ئەر ماڭدى كۆككە قارىماي
بېشى يوقتەك ياكى يۈرىكى...

باللارنىڭ يېڭىناغۇچلىرى
قونۇپ قەدىمي گۈمبەزلەرگە
ياكى يېڭى قەبرە تاشقا
باشلىدى بىخۇدلۇك ياشاشقا .

ئۇپۇقتىن چىققان ئادەم
كىرىپ قالدى بىناغا،
سالام قىلمىدى ھېچكىم قۇياشقا
ساقاللىرى تىترەر پەشتاقتا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەكەن سېپىلى
ئاق ئىسكىلىتى
دىنازاۋۇرنىڭ،
ياكى بىر خانلىقنىڭ كىتابلاردىكى.

2006 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى



## ئايدىڭ

ئۆتكەن ئۆمرۈم ياقا يۇرتلاردا
قايتقان دولقۇندەك،
ياكى ئەرۋاھتەك .

ھويلامدا بىر تۈپ ئاق ئۈجمە
ئۈجمە سايىسى مايماق ـ سايماق .

بىر ئىت قاۋاپ چىقتى ئايدىڭدا،
ئاي شولىسى ئاچچىق ئاغزىمدا .

2006 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئالدىرىسى www.uyghurkitap.com

## قارا كۆز بەدىيان

بۇ دورىلىق گىياھنىڭ ئىسمى
جېنى
تېنى
يوپۇرمىقى بار،
كۆزى قارا ئېھتىمال .

قۇرۇق شاختەك ئادەملەر
قارا گۈلى ئېچىلار .

كېسەل ماڭا قاپاق تۈرگەندە
گۈلۈم سەنلا خۇش چىراي .

قارا كۆز بەدىياننى تېۋىپ
مىس كەمچىگە مىسقاللاپ سېلىپ
بۇيرۇدى ئىچىشكە چايلىق قىلىپ .

بىر مىللەتنىڭ قەلبىگە يازغان
سېرىق چېچەكتىن شىپالىق رېتسېپ .

غەرب تېبابىتى كەلمەكتە بېسىپ ...

ئۇيغۇر ـــ قەدىمكى يېڭى ئۇچۇر
ئالەمنىڭ ھاياتلىق كىتابىدا،
بىز ساق، زامانلارغا قارىساق،
بىز ساق كېسەللىك نىقابىدا .

2006 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئوغلۇم قارغا يازغان بىر مىسرا

«قار ئاغرىدى...»
دەسسەلگەن قار .

ئاستىدا
ئوغلۇمنىڭ ئىزى،
بىر مىسرا شېئىر ئاستىدا
ئەتىيازنىڭ تەرلىگەن يۈزى .

2006 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

# دېڭىز ئوغلى

— خەنزۇ شائىرى خەيزىگە

1

«قۇياش ئۆزىنىڭ بېشى
گىياھلار ئۆزىنىڭ شېئىرى.»
شېئىر، ئۆلۈم، باشقا بىر كىشى
ياشار ئىسمىڭ ئاستىدا تېخى .
ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ دېڭىز
يەيدۇ سۇغا كىرگەن ئاسماننى،
تاغدىن كەلگەن قورام تاشلارنى
قۇم باشلارنى مەن بار جايدىكى .
يىراق، سېنى ھەزىم قىلالماي
لۆمشىيدۇ دېڭىز، ئەي دېڭىز ئوغلى!

2

شېئىرىڭ بىلەن تۇتاتتىڭ
بىر - بىرىدىن نەم شەھەرلەرنى،
قۇرۇتاتتىڭ سويۇپ تېرەڭنى
كۈنىڭ قىزىق ئىدىيەسىدە .
تاش سېپىلغا ئۇرۇپ ئۆزىنى
گۈگۈملىرىڭ بولاتتى زېدە .
كىچىك، ئاپپاق، نازۇك يۇلتۇزلار

كارىۋىتىڭغا تولۇپ بەزىدە
ھاسراپتىتىڭ، دولقۇنلىناتتىڭ،
قان سىرغىپ تۇرغان شېئىرىڭ بىلەن
ئاخىر ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭگە قايتتىڭ .

3

قۇم قەپەستە مېنىڭ بەدىنىم،
سۇ قەپەستە سېنىڭ ئەرۋاھىڭ .
پالاقلايدۇ قاناتلىق خەلق
ۋاقىت قەپىسى ئىچىدە دائىم .
ئەي دېڭىز ئوغلى، مەن بىردەم ساقلاي
ئۆز كاللىسىنى ساقلىغاندەك كۆل .
سەن ئەركىنلىكتە قويۇپ بەر بوگۈن
ئۆملەۋاتقان شېئىرنى پۈتۈن .

4

قۇرت يېگەن ئالمىدىن چىقتىم
ئوغلۇمنىڭ چۈشىدە،
سايىلەر تىرىلىپ قوپماقتا
چۈشتىكى ئاپپاق دېڭىز يۈزىدە .
تەكلىماكان قۇرۇغان دېڭىز
ناماز ئوقۇيمىز دېڭىز ئىچىدە،
ئوت قالايدۇ تونۇرغا ناۋاي
چاي ئىچىمىز دېڭىز ئىچىدە .
سەن يادىمدىن كەچتىڭ چاي ئىچكەچ
كەچتىم شېئىردىن دېڭىز ئىچىدە .
دۇئا قىلدىم ئېگىز تاغلاردەك

ھىلال ئاي بار شېئىر ئىچىدە .
ئەمما، سەن كۆزۈمگە كۆرۈندۈڭ پات ـ پات
سۇدىكى ئوتتا كۆيۈپ يالقۇنلاپ .

5

ئۆلۈم سېنى ئۆلتۈرەلمىدى
ئۆلتۈرۈۋالدىڭ سەن ئۆزۈڭنى،
يۇمۇۋالدىم مەن كۆزۈمنى .

چۈنكى
ئەي دېڭىز ئوغلى
دېڭىز قۇم يەيدۇ
سۇنى پەقەت سۇ .

2006 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى



# ئىككى نەم توپا

باھار كۈنى تۇيۇقسىز
كىردى ئۆيگە ئىككى قىز،
لاي پۇرىدى بۇرنۇمغا
(بەدىنىدە نەمخۇش ئىز).

ئۆيگە كىرگەن ئىككى قىز،
بىرىدە گۈل ئېچىلدى،
بىرىدە تاش تۇغۇلدى
ئولتۇرغاچقا ئۇن - تىنسىز.

ئىككى توپا دىۋاندا
پۇتى بىلەن ئۇخلىدى،
ئاغزى بىلەن ئويغاندى،
كۆزى بىلەن ئويلاندى.

ئۇسسۇل ئوينار سۆكۆتلەر
قارا لىباس ئىچىدە
ھۆل ۋە ئىسسىق ئىككى لاي.

بىر كۈنلەردە تۇيۇقسىز
باھار كېتەر دەرەختكە،
دەرەخ كېتەر تۇپراققا،
ئۆزۈم يالغۇز قالىمەن
ئايلىنىپ سوغ تۇپراققا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېتىدۇ جان ــ تاتلىق قىز،
قالار ئۆلۈم ئاتلىق قىز،
مەن ئالمەن قۇچاققا
ئايلىنىپ سوغ تۇپراققا .

2006 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

# سايدىكى تاش

سايدا تاشلار ھەر قىسمەتتە ياتىدۇ،
بەزىسىنىڭ ئىچىدە تاڭ ئاتىدۇ،
بەزىلىرى تەنسىز باشتەك ياتىدۇ،
بەزىلىرى كۆندىن ـ كۆنگە قاتىدۇ
كىچىك قىزنىڭ ئۈستىخىنىدەك .

بەزى تاشلار ئۇخلايدۇ،
بەزى تاشلار ئويغىنىپ
سۇ ئاستىدا يىغلايدۇ .
بەزى تاشلار ئۇقمايدۇ
روجەكلىرى ئېتىلگەن
تامغا، كۆككە، شامالغا ...

يېرىلىڭ تاشىم، يېرىلىڭ
بىر ئەمەس بىز نەچچە مىڭ .

تاشتىن بىرنى چەكسەم
كىرىۋاپتۇ قوم ئادەم،
قوم ئادەملەر تىلى تاش،
پۇت ـ قولى شاش، دىلى شاش .

تاشتىن ئۈچنى چەكسەم
قوۋۇقلىرى ئېچىلدى
ئاي يورۇقى شەھەرنىڭ .

پۇلاڭلايدۇ قوللىرى
ئاق ئۈجمە، ئۆرۈكلەرنىڭ .

قۇياش تاجلىق پادىشاھ
تاشتىن قۇمغا ئايلاندى
يامغۇر مىنگەن ئەرۋاھى .

سۇيۇق تاشنى بىر چەكسەم
چىقتى بۇلاق بۇلدۇقلاپ
ئۇنىڭ ئىسمى شېئىركەن .

ئۇيغۇر بىلەن ئۇسساپ مەن،
يامغۇر بىلەن قايتتىم،
كۆك نۇر بىلەن ئۇخلىدىم .
كېچەم سانسىز چېكىلدى
يۇلتۇزمىدۇ ئۇقمىدىم .

2006 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى



## ئاق ئۆستەڭ

سادىرنىڭ ئەرۋاھى
گاھى
ئېقىۋاتقان ئاق ئۆستەڭ .

كېسىپ ئۆتسەڭ
ئېتىزلارنى
بىز يېشىل رەڭ .

كېسىپ ئۆتسەڭ
بېلىق قارنىنى
بىز تېرىسى يوق ئادەم .

كېسىپ ئۆتسەڭ
تارىخنى
بىز ئېچىلغان سۇنىڭ ۋارىقى .

ئاسماندا ئاق بۇلۇت
يەردە ئاق ئۆستەڭ .

2006 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قاش دەرياسى

يېشىل چۆلدە بىر ئاشىق
راۋابىنى چالدۇ،
تارلىرى سۇ، زەخمەك تاش.
قاش دەرياسى يۈگۈرەر
يالاڭ ئاياغ، يالڭاچ.

قاش قارايغان چاغ ئىدى
ئۇچۇپ كەلدى قارلىغاچ
پەي قەلىمى دۇۋەتتە
بوشلۇقلارنى سىزىپ ئاچ.

دولقۇنلايدۇ دەريادا
يۆگەم ـ يۆگەم قارا چاچ.

سۆيۈشمەكتە ئىرەنلىك،
بۇ يېشىل چۆل چىمەنلىك
يالغۇز شائىر سەن تېز قاچ.

قاش دەرياسى قاچماقتا
يالاڭ ئاياغ، يالڭاچ.
تېرەك قاچتى گۈگۈمغا
ئاشىق بولساڭ چۆلگە قاچ.

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

## مۆيۈنگوزەر بازىرى①

چوڭ ئايلام مازىرى
ئېچىۋەتتى دەرۋازىسىنى،
قېچىپ چىقتى ئەرۋاھلار
مىنىپ سىم ـ سىم يامغۇرغا
مۆيۈنگوزەر بازىرىغا .

مۆيۈنگوزەر بازىرى
تېرەكتەك يىگىت بىلەن قوشتەك قىزلارنىڭ
سانائەت، كۆك ئېتىزلارنىڭ
كېسىشىش نۇقتىسى ئۇيۇقتىكى .

ئۇيۇقتا،
قىزىلگۈل ئېچىلدى
«گۈلنى ئۈزسەڭ تاۋارغا ئورا.»
ئۇيۇقتا،
ئالتۇن قۇياشنىڭ بېشى كېسىلدى،
تېنىنى قىزىل توپىدىن سورا .
توپا ئۈستىدە ئىشىك ئېچىلدى
ئەرۋاھلار بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ
كوچىلارغا كىرمەكتە بېسىپ .

---

① مۆيۈنگوزەر بازىرى ــ توققۇزتارا ناھىيەسىدىكى بىر كەنت بازىرى .

بەزىسىنىڭ سېۋىتىدە سۇ ،
بەزىسىنىڭ ئۆشنىسىدە جان،
بىرلىرىنىڭ يايمىسى ئوتياش
بىرلىرىنىڭ تۇمشۇقىدا دان .

بەزىسى جۇۋان ياغلىقى ئوتقاش،
بەزىسى ئەر ئاشىقۇ ۋەيران .
بەزىلىرى شامال ھالەتتە
كېزىپ يۈرەر نىشانسىز سەرسان .
قازاق ئاقىن مىنگەن ئاق بۇلۇت
چېپىپ كەلدى يېقىن يايلاقىا،
ياز گۇللىرى قومۇز چالماقتا .

بىر جىن سۆگەتتە ئۇسسۇل ئوينار،
بىر بوۋاي تەتۇر سۆگەت سايىسىدا
ئۆزىنى بىر سايە دەپ ئويلار .
قىزىل يامغۇر قاچان توختىدى
قايتتى ئېغىلغا ئىگىسىز قويلار .

ساتىراش
چېچىمنى ئالدى بېشىمنى ئالماي،
ئويلىسا كېرەك ئۆلۈپ بوپتۇ دەپ،
تۇرۇپ كەتتىم مەنمۇ بوپتۇ دەپ .
ئاۋارىچىلىك تىرىكلەرگىلا
بېشى يوقلار تۇرماس ئۆچرەت .

بۇلبۇل
قۇشلار شائىرى يېشىللىقتىكى،
شائىر بۇ يەردە

ئۇيغۇرنىڭ بىر پارچە يېشىل چۆلى .
شائىر ئابدۇخېلىل
ئىككى قىزنىڭ سۇرتۇپ يېشىنى
قولتۇقىغا قىسىپ بېشىنى
چىقىپ كەتتى چۆل - باياۋانغا .
تېپىۋالدىم يوقلاپ كېلىپ مەن
ياتاتتى چېلىشىپ كۆك رەڭلىك قانغا
بىر پارچە قەغەزدە ئۇنىڭ جەستى .
ئەرۋاھ ئابدۇخېلىل قولىدا پىچاق
سويۇپ ئوغلاق ئەزىز مېھمانغا
زامىن بولماقچى ئىسسىق بىر جانغا ...

... ئاھ، خېنىم شەرۋانىخان
نەچچىدە باردۇ ياشلىرى .
ئاھ، جېنىم خېنىم ئايلام
يالغۇز يېتىپلا تاغ باغرىدا
يۇمشاق توپا يانپاشلىرى .
يامغۇرمىكىن، چاقماقمىكىن
تاپانغا چۈشكەن چاچلىرى .

ياۋغا خەنجەر سايتىلا
مەن بولاي سەپداشلىرى .
ھۆر - پەرىدەك ياتسىلا
ئۇنگەن قىياقكەن قاشلىرى .
ئاق ئايلام، ئاپپاق ئايلام
توققۇزتارانىڭ سۆيدەك شوخ
جىلمىيىپ قاراشلىرى .
بىر سۆيەي، يۈزمىڭ ئۆلەي

مەن بولاي ئاداشلىرى ...
چوڭ ئايلام دۆڭدىكى مازىرىدا
ئايغىرلار كىشنەيدۇ، تاراقلايدۇ .
ئەرۋاھلار مۆيۈنگۈزەر بازىرىدا
كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاراقلايدۇ .
شائىرلار بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي
زاۋالنىڭ كىتابىنى ۋاراقلايدۇ .

ئاسماندىن چۈشكەن توپ ـ توپ ئادەم
كىردى باغقا، ياماشتى تاغقا .
يەردىن ئۈنگەن بىر توپ ئادەم
نەقەدەر ئامراق ياۋا ياڭاققا .
مەھەللىنىڭ ئايغىدا بىر توپ يۇلتۇز
ياش يۇلتۇزى تولدى چاناققا .

چېچەكلىگەن بىر تۈپ دولانا
قايتتى گۇگۇمدا ئاق چېچىكىگە .
قايتتى ئۆزىگە پاتمىغان ئۆستەڭ
يىرتىلغان سۇنىڭ تېرىسىگە .
بىز قايتتۇق كۇندۇزدىكى رېئاللىقنىڭ
قارامتۇل نېرىسىدىن ـ نېرىسىگە .
بازار ئۇخلىدى
ئاغزىدا ئاي نۇرى،
دۇمبىسىدە مامۇق قانىتى،
چۈشىدە ئەنسىز ئويغىنىپ كەتكەن
بىنەملەرنىڭ يېشىل جەستى .

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئۈچ ياشلىق موماي

ئۇ خالمۇراتنىڭ چوڭ ئانىسى،
خالمۇرات ھۆسنخەت يازغان چاغدىمۇ
ئۆيدىن دۇكىنىغا ماڭغان چاغدىمۇ .

موماي كونا ئۇيغۇرچە كىتاب
ۋاراقلايلى بىز ئالدىرىماي .
بۈگۈن ئۇ سۈپىدا ياتىدۇ بىتاپ
ئۆزى بىر قىز يۈزلىرى نىقاب .

ھويلىسىدىكى ھاڭگا تېرەكتە
مۈڭگۈزدەك تۇرغان مۇزقاپاق ئاي،
لاۋۇلدايدۇ بىر ئوت يۈرەكتە .

ئوق يۇلتۇزلار تولغان زېمىن
بىر يىگىت يىقىلدى ئاسمانغا لېكىن،
كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى موماي
توي كۈنى پۈۋلەپ ئىچكەن چاي قېنىكىن؟

شاختىكى ئاي
ئاستا ـ ئاستا قوندى يەرگە .
ئاسىيخان موماي

كۆتۈپ ـ كۆتۈپ
ئۆچۈشقا تەمشەلدى
ئاق چېچىنى يەلپۈتۈپ
ئاينىڭ ئۇچىگە ...

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سۇلتان ئۇۋەيس مازارى

شەيخ مەھەللىنىڭ شەيخى ھىلال ئاي
تېرەكلەر كېچىگە كىرىپ كەتكەندە .
ئاستىمىزدا كىشنەر تۇمۇر ئات
مازاردا توختىدۇق ھېرىپ كەتكەندە .

يېشىل ئەسكەرلەر تۇتۇپ تۇغ ـ لاتا
ئۇيقۇغا كېتىپتۇ سۇلتان كەتكەندە .

ماڭدى ئاق بۇلۇت
راۋاق ماڭماقتا .
تۇيۇقسىز
توختىدى مەلىكە
قەبرىسى ئاياقتا .

يېرىمى قىز، يېرىمى شىۋاق
قەدەملىرىمدە قەدىم خۇش پۇراق،
تىنىپ قورۇنۇپ، يۈرىكىم تونۇپ
چىشى شامالنى ھىدلىدىم ئۇزاق .

مەن كىمنىڭ قولى، يىلتىزىم قېنى؟
كىمنىڭ يېشىل روھى شاخ ـ پۇتاق .


سۇ قىرائەت قىلماقتا،
ئۇۋەيسخان تىڭشىماقتا،

ئورمان سۈكۈت قىلماقتا،
تاۋاپچىلار قايتماقتا،
سۆزلىرى شاختا،
يۈرىكى سۈلتان بار ياقتا
پۈلاڭلاپ .

پىكاپ كېچىگە ئاز قالغاندا
توختاپ قالدۇق زۇلمەتنى ئاڭلاپ .

ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا ئەمما
بىر خەلق مەڭگۈلۈك تۇردۇ پارلاپ .

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى



## ئەرۋاھ ۋاكالەتچىسى

ئەرۋاھ ۋاكالەتچىسى ماڭا ناتونۇش
بەردى تېلېفون ماڭا ناتونۇش
تەن ئورمىنىدىن ئۇچقاندا بىر قۇش .

ياز ھەسرەتلىك بۇرۇلۇش
دەرەختىن دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ،
ئىشكتىن ئىشىكسىز كەڭ كوچىغا،
كوچىدىن ئۆلۈمنىڭ ئېغىزىغا .
ماشىنا ھەيدەپ كەلدى ئەزرائىل
ئارقىدىن قان كوچا چۈشتى ئىزىغا .

ئۇ كۈنى بىر ئۇيغۇر مەڭگۈلۈك ئۇيغۇر،
ئۆلۈم چاقماق كۆز يېشى يامغۇر
يېڭى دەرد يۈكلەندى ئۇيغۇر قىزىغا .

بۇرھاندىن
يېشىللىقنىڭ خەرىتىسىدە
توختاپ قالغان قاقشال بىر توغراق
ئانىسى يامغۇر ئۇنىڭ چۈشىدە .

سۆزلەيتتى يات تىلدا ھەممە نەرسىسى
ئانا تىلى غېرىبلىق ۋە تاش،
يات بىر ئەلدە تاپتى كۆلىنى
نېسىپ بولۇپ ئەرۋاھتەك ياشاش .

ئۇ ئوقاركەن شېئىرلىرىمنى
يات گۆگۈمدا دېڭىزغا قاراپ
كىرپىكىدە يۇلتۇزلار چاقناپ .

ئۇ ۋەتەننى سۆيگەن قوچاقلاپ
سىلاپ، پۇراپ نېرى ـ نېرىدىن .
شېئىرىمنى يەر ئىكەن چايناپ
ھامبۇرگ بولكىسى ئۆتمەي گېلىدىن .

سەرسان بولغان ئۇيغۇر يىگىتى
ياقا يۇرتتىن قىلغاندا پەرۋاز
تېنى لايدا، ۋەتىنى ئايدا
ئاي ئۇنىڭغا چۈشۈردى ناماز .

ئۇنىڭ قەبرىسى قارىغايدا ئەمەس،
ئۇنىڭ قەبرىسى دېڭىزدا ئەمەس،
ئۇنىڭ قەبرىسى يۇلتۇزدا ئەمەس،
ئۇنىڭ قەبرىسى ئاتا ـ ئانىسى ...

* *

يامغۇرلۇق بىر كۈنى
ئەرۋاھ ۋاكالەتچىسى
كىردى ئىشخانامغا
تېلېفون سىمىدا ئەتىرگۈل ئاۋاز،
سىم ـ سىم يامغۇردەك ئاستا، ھۆل ئاۋاز ...

2006 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

# ياغاچچى

بىر سانتا
مىخ قاقتىم
تاختايغا،
مايمىقى
ئوخشايدۇ ئەگىم ئايغا .

ياغاچچىنىڭ قولىدا رەندە
قوڭىدا ياغاچ ئورۇندۇق،
ياغاچ ئۆتمۈشى
ئورمانلىقتىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ .

ياغاچچى —
بىلىقنىڭ چۈشى
ئادەم بىلىقنىڭ غېرىب سۇدىكى .

بېلىق دەيدۇ بولسام بىر كىشى
زېمىندىكى ھەرقانداق كىشى .

ئۆيۈمدىكى قۇش بار دەرەخ مەن،
ياغاچچى مەن بۇ شېئىردىكى .

2006 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

## بىزنىڭ پولۇ

يىغلىغاندىن بېرى يەر
ھەممە يېرى زەي
شال ئېتىزىنىڭ .
ئاپپاق گۈرۈچ، قاسراقسىز خەلق
پولۇ تاماق شاھىمىز بىزنىڭ .

كەلمەكتە تاماق شاھىمىز بىزنىڭ
قىيما ـ چىيما سەۋزىلەر بىلەن،
بېھى، ئۈزۈم، قاق بىلەن گاھى.
قورۇلغان ۋە ئۇزاق دەم يېگەن
بۇس ئىچىدە گۆش ـ ياغنىڭ ئاھى .
پىشىپ چىققاندا لىگەن ـ لىگەن
ئېچىلدى ئاچ ئەرۋاھنىڭ ئىشتىھايى .

تام تۈۋىدە بويىنىنى قىسىپ
ھارۋىغا مۈڭ بېسىپ ئولتۇرغان ئۇيغۇر .
ئازنا بازاردا دوغ سېتىپ، ئىسسىپ
باللىرىنى تويدۇرغان ئۇيغۇر،
پاقلان سويۇپ داش قازان ئېسىپ
مېھمان كۈتكەن، قوندۇرغان ئۇيغۇر،
دەيدۇ تاماق شاھىمىز كەلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېنى مەزەگە قول قوۋۇشتۇر .
سالام، قارا قازاندىكى شاھ!
توي ـ تۆكۈندە، نەزىر ـ چىراغدا،
مەززە قىلدۇق، قىلىشتۇق دۇئا
دەردلىرىمىز قالدى يىراقتا .

قۇش ئاغزىدەك ئۆگەندۇق ساڭا
كۆپ ئەسىرلىك ئىشق ـ پىراقتا ...

شاللىقتا دانلارنىڭ ئاق يۇلتۇزى
يالايدۇ ئۆز يارىسىنى سۇ،
ئاغزىمىزدا بەختىنىڭ تۇزى
ئالدىمىزدا بىزنىڭ شاھ پولۇ .

2006 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى



## ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئەنجۈر يېيىش

ئەنجۈر يېمەكچى بولغىنىمدا
قۇياش ئەنجۈرى ئۆز بېغىنىڭ،
ئەنجۈر ئىگىسى يوق بىر سېۋەتنىڭ،
بازار باشقۇرغۇچى ماڭغاندا ئېلىپ
ماشىنىغا سىڭار يان سېلىپ .

كەتتى ئولتۇرۇپ ئاپتوبۇسقا ياز،
كەتتى قۇرۇپ ئادىل تۇنىياز
ئۆز شېئىرىدىكى بىر تۈپ ئەنجۈردەك .

ئەنجۈر شېخى بېشىمغا تەگكەندە
ئاپتاپ ئەنجۈر شاخلىرىدەك بېشىمغا تەگكەندە،
تەگكەندە
جەننەتتىن قوغلانغان ئادەمنىڭ قولى
جەننەتتىكى بىر مېۋىگە
كوچىدىن قوغلاندى ئەنجۈر ئىگىسى ...

بىز مۇھەببەتنىڭ مېۋىسى،
ھەربىر كوچىدا سۆيدۈم خەلقىمنى .

2006 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئاسماندىكى كىتابتىن يەردىكى كىتابخانغا

كۆك ئاسماندىن چۈشكەن سۆز
زېمىننىڭ بىر بېتىدە .
باردۇر پۇت ـ قول، قۇلاق، كۆز
ئۇنىڭ گۈزەل خېتىدە .

بىر ئەركەك، بىر چىشى سۆز
مەنىلىرى بېھىشتە .
تەن كىيمەيدۇ يىپەك ـ بۆز،
بىر مېۋىنى يېيىشتە .

سۆز ئاچقاندا كۆزىنى
يىپىق بىزگە مەنىسى،
ئەپقاچقاندا ئۆزىنى
دۇنيا ھايات سەھنىسى .

*　　　*

مەن سىياھى ئاق شائىر
تاشقان چاغدا ئىلھامىم
سۆزلەر دېمەس «ياق، شائىر!»
قاچقان نازۇك بىر سۆزگە

زورلاپ قەلەم تەڭلىسەم
ئاي كۆرۈپتۇ قەغەزدە .

پۈتكەن چاغدا شېئىرىم
كۆكتىن يەرگە يىقىلدىم .
ئەمدى پېقىر كىتابخان
قەغەزدىكى كۆك ئاسمان .

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كىيگەن ئايىغىم بۇغداي ئۆڭ

ئۆمۈر يولىدا ئۇيقۇلۇق ئىدىم،
خۇرۇم ئاياغ كىيىپ يۈرەتتىم .
ئۆمرە يولىدا ئېھرامغا[1] كىردىم
پۈتۈم بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم .

ھەرەمدىن چىقسام ئايىغىم يوق
ئەڭ قورقماس ئوغرى قىپتۇ ئوغۇرلۇق .
بۇرۇن ئۆتۈك بار، پۈتۈم يوقتەك
ئەمدى پۈتۈم بار، ئۆتۈكۈم يوق .

كىيگەن ئايىغىم بۇغداي ئۆڭ ئەمدى
ئۆز تېرەمدىن يېپىسىز تىكىلگەن .
جازالانغان بېلىقتەك پۈتى
شۇنچە يەڭگىل مېڭىپ يۈرىمەن ...

پۈتۈمنىڭ قۇلىقى، كۆزى بار خۇددى
ھەربىر قەدەمنى سېزىپ يۈرىمەن ...

2010 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

---

① ئېھرام — ھەج ۋە ئۆمرە تاۋاپ مۇراسىمىدا بەدەنگە ئورىۋالىدىغان ئاق رەخت.

# ئالەمدە كېتىۋاتقان ئادەم

كوچا ئاپتوبۇسى چۈشۈمدىن چىقتى
ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئۆزىنى ئۆزى،
مەن ئۇخلىغاندا نىشانسىز ھايات
مەن ئويغانغاندا تەقدىر يولۇچى .

دۇكانغا كىرىپ سېتىۋالدىم كۆكتات،
نېمىلا قىلما ئۇ گوياكى چۈش .
چۈشۈمدىن چىقتى بىر توپ يېسىۋىلەك
دېدىم، مەن شوپۇر، ئاپتوبۇستىن چۈش!

توختىغان ماگار ئالەم بىلەن تەڭ،
توختاخۇن توختاڭ، قالمايسىز ۋاقچى .
ماگدىم غۇيۇلداپ ماشىنام گۈش رەڭ،
مېنىڭ ئايىغىم ماشىنا چاقى .

بىپايان ئالەم ھەرىكەتتە مەڭگۈ
ھەيدەلمەكتە مىسلىسىز سۈرئەت .
قېنى ئەي ئىنسان، مەڭگۈلۈك سەزگۈ؟
گۆش ماشىنا سەن، باسقاندا غەپلەت .

باشقۇرالماس ئۆزىنى ئالەم،
يۆنىلىشنى ئۆزگەرتەر ئادەم —
ئۇچقۇچى، لېكىن ئەمەس ئىگىسى
يەر — بىز چۈشكەن ئالەم كېمىسى .

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

## «يالىڭاچ» ماركىلىق ئايالچە كوپتا

توپتا كېتىۋاتقان قىزىل توپلەي ــ
ئاۋازى بىر غۇلاچ، بىر غېرىچ ساز .
يەر ئۆلۈك ئەرگە: «ئورنۇڭدىن قوپ!» دەر،
ئۆتمەكتە ماي يولدىن تار يوپكىلىق ياز .

«يالىڭاچ» ماركىلىق ئايالچە كوپتا
مۇراسىم كىيىمى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ،
ياز باشقا، ياز كۆيەرمىز ئوتتا ...

2010 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىشىك چېكىلگەن دەقىقىلەردە

ئىشىك چېكىلمىگەن دەقىقىلەردە
كۆردۈم قولۇڭنى قولۇم بار يەردە
كىتابىڭنى ئاچقاندىن كېيىن .
يىپىق ئىشىكىم يىپىلدى بىردىن،
ئۆيۈمدە سەن بار بۇرۇن ۋە كېيىن .

دەقىقىلەردە قەلبىم چېكىلگەن
سېنى مەن بىلەن بىللە دەپ بىلدىم
يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سەجدە قىلدىم .
مەن بىر تال قۇم، قۇملۇقتا ئاڭا
كۆك ئاسماندەك يۈزلەندىم ساڭا .

ئىشىك چېكىلگەن دەقىقىلەردە
سېنى كەلدى دەپ ماڭدىم ئىشىككە،
تۇتقۇچتىن سىلىق قولۇڭنى تۇتتۇم .
قارشى ئالماقتا سېنى بارلىقىم،
چاۋاك چالماقتا ئىككى پۇتۇم ...

سېنى كەلدى دەپ ئورنۇمدىن قوپتۇم
ئىشىك چېكىلمىگەن دەقىقىلەردە .

2010 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتەكچى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تۇنجى ئالبىسى
www.uyghurkitap.com

# سۇغا ئايلىنىش

چىۋىن بىلەن تاز ئوينار،
ئۆردەك بىلەن غاز.

— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

كەچ كۈز سۈرەت سىزغان دەپتەردە
يۈزلۈم سولغۇن باغ، ئالتۇن رەڭدە،
يازنىڭ قولى قۇشتەك يىراقتا
يارنىڭ قولى مەن تۇتقان شاختا .

سۇس قىزارغان نەشپۈت غازىڭى
شېرىن جۇۋان ھىدى ھەر ياقتا .

قۇم ئېرىقتا ۋالىلدىغان ساز،
قانىتىنى قۇرۇتماقتا غاز
تارقالماقتا شوخ ئۇسسۇل كۈيى .

سۇ ئۈستىدە ماگار ئۆمۈچۈك
پاچاقلىرى ئىنچىكە، تۈكلۈك .
مېڭىپ كەتتى باغدىكى سايە
ئۆيدىكى سايە چىقتى يۈگۈرۈپ .

ئۈستىكاپقا كىرىپتۇ گۈللەر
سەن گۈگۈمدىن ئاڭلاندىڭ ماڭا .
سۇ شىلدىرلاپ سېنىلا كۈيلەر
ئامىن، دېدىم ئايلىنىپ سۇغا ...

2010 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى
www.uyghurkitap.com

## ياغاچ ئۆي، ئاق بۇلۇت، ئورمان

قاتقان تىلىدا سۆزلەر بىر ئۇيغۇر،
چاققان قولى بەش ئەركىن مىسرا .
ھارغان نىرۋىسى كەك يېپىلغان تور
شولا چاچماقتا تار كائىناتتا .

ياغاچ ئۆي ئۇشتۇمتۇت ياغاچ غىربىلىق
بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئىزدەيدۇ دالدا .
ئاسمان گۈمبىزىگە پۈتۈمنى قىلىپ
تاغ ئۈستىدە ياتتىم شامالدا .

تىلىم سۈكۈت بىلەن تولغاندا
قىلدىم ساياھەت ئارزۇ ـ ئارماندا،
كېتىۋاتىمىز ئالەمگە قاراپ
بىر تۈپ دەرەخ يىتمەس ئورماندا .

2010 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

## بىر باش پىياز

چۈشتىن كېيىنكى
ئاقپىشماق ئايال،
يوشۇرۇپ مەندىن قات ـ قېتىنى
گۈل بەدەندىن بۇزماي پېتىنى
سۆز قىلغاندا پۈرىقى بىلەن
يازدىم بوشلۇققا گۈلنىڭ ئېتىنى
تېنىمنىڭ دىلنىڭ قۇلىقى بىلەن.

كۆرسە خوتۇنۇم
يۈگۈرۈپ كېلىپ، قىغراقنى ئېلىپ
قىيما ـ چىيما قىلاتتى چوقۇم.

كەچلىك تاماق پىشتى،
بۇ قانچىلىك ئىشتى؟
ئويلىسا باش پىيازنىڭ ئۆمرىنى.

ھەيران مەن سىرلىرى قات ـ قات ئالەمدە
خۇددى ئەخلەتتەك كۆرسە ئادەملەر
ئۆزىنىڭ ئاخىرى بار ئۆلۈمنى.

بىز ئۆلەرمىز سويغان پىيازدەك،
بىز ياشايمىز چۈچۈمەل تەمدە
دۆشكە ئاق رەڭدە قويغان پىيازدەك.

2011 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

# تاشقا سۆزلەۋاتقان ئادەم

(شېئىرلار)

ئاپتورى: ئادىل تۇنىياز
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار ئەخەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نىغمەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.5
نەشرى: 2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 4000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 14952 - 0
باھاسى: 41.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ئادىل تۇنىياز ئۆزى قۇرۇپ چىققان ئاشۇ شەكىلسىز سەلتەنەتتە دۇنيا، ھاياتلىق، ئۆلۈم ھەققىدە مۇستەقىل ئويلاندى. ئويلانغاندىن كېيىن ئېرىشكەن تېپىشماقلىرىنى باللارچە تەشۋىش، ساددا تىل، تەبىئىي رىتىم بىلەن تۆكۈپ تاشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىر دۇنياسىدا ھەممە نەرسىگە ھەيران قالىدۇ. بۇ ھەيرانلىق شۇ قەدەر مەسۇمكى، ئۇنىڭدىن تېخنىكا دەۋرىدىن يات بىر ئىنسان بالىسىنىڭ پاكىز ھىدىنى روشەن سەزگىلى بولىدۇ.

«ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»دىن

ISBN 978-7-228-14952-0

9 787228 149520 >

定价：41.00元